


# مەشرەپ شېئىرلىرىدىن تاللانما

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# مەشرەپ شېئىرلىرىدىن تاللانما

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمەت پولات

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


نەشرىگە تەييارلىغۇچىدىن ........ 1
غەزەللەر ........ 1
مۇرەببەلەر ........ 121
مۇخەممەسلەر ........ 129
مۇسەددەسلەر ........ 185
قىسقىچە لۇغەت ........ 191



**图书在版编目(CIP)数据**

麦西来甫诗选/买买提·甫拉提整理。—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2001.11

ISBN 7—228—06775—4

Ⅰ.麦… Ⅱ.买… Ⅲ.维吾尔族—诗歌—作品集—中国—清代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I222.749

中国版本图书馆CIP数据核字（2001）第078814号

责任编辑：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对：艾加尔古丽·吐尔孙
封面设计：艾克拜尔·萨理


**麦西来甫诗选** （维吾尔文）

巴巴热义木·麦西来甫 著

买买提·甫拉提整理

---


新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆畜牧印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 6.625印张 2插页
2001年11月第1版 2001年11月第1次印刷
印数：1——3000

---

ISBN7—228—06775—4/I.2478 定价：12.00元

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان يېتۈك مۇتەپەككۇر شائىر، ئاتەش نەپەس غەزەلخان بابارەھىم مەشرەپ ( شاھ مەشرەپ ) ئۆزبېك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن بۈيۈك نامايەندە . ئۇ ئۆزىنىڭ سۇنماس ھايات ئېتىقادى، يېمىرىلمەس ئىسيانكارلىق روھى ۋە ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي كامالىتى بىلەن ئۆزبېك، ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپ شېئىرىيەتىنىڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنى ياراتتى .

بابارەھىم مەشرەپ 1653 - يىلى پەرغانە ۋادىسىدىكى نامانگان شەھرىنىڭ ئەندىجان يېزىسىدا بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ 12 يېشىغىچە ئۆز يېزىسىدىكى موللىلاردىن، 18 يېشىغىچە نەمەنگاندىكى ئۆلىمالاردىن تەلىم ئېلىپ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن . بابارەھىم مەشرەپ 1672 - يىلى ئادالەت ۋە مەرىپەت ئىزدەپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان قەشقەرگە كېلىپ 18 يىل ئىشلەپ ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، 37 ياشقا كەلگەندە ئۆزىنىڭ 20 يىللىق سەيياھلىق ۋە سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلىغان، بۇ جەرياندا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى بىر مۇنچە شەھەر ۋە يۇرتلارنى كېزىپ، ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان قاتارلىق ئۆلكە، رايونلارنى ئايلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھاياتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، جاھالەت ۋە تەڭسىزلىك بىلەن تولغان زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىدە ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، جاھالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنى شەپقەتسىز پاش قىلغىنى ئۈچۈن بەلخ ھاكىمى ماھمۇدخان تەرىپىدىن

1711 ـ يىلى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن .

بابارەھىم مەشرەپ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر ئازابلىق ئىزدىنىپ ئۆتكەن ئەلەملىك شائىر . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە ئىلاھى ئىشق بىلەن ئىنسانى مۇھەببەت ، ئەڭ مۇقەددەس نەرسە ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قەلبى مۇجۇلغان جاپاكەش خەلقنىڭ ئەلەملىك مۇڭ ـ زارى . بۇ نەرسىلەر بابارەھىم مەشرەپنىڭ ھايات ۋە ئەخلاقى قاراشلىرىنىڭ جەۋھىرى ، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىي ئىزدىنىشىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر . شۇڭا مەشرەپ شېئىرىيىتىدە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن پاكلىق ۋە ھالاللىق چەكسىز مۇھەببەت بىلەن كۈيلىنىدۇ . قەلبى گۈزەللىك ۋە ئىزگۈلۈك بىلەن نۇرلانغان ئالىيجاناپ ئادەم ئەخلاقى يۈكسەكلىكىنىڭ يارقىن تىپى سۈپىتىدە مەدھىيىلىنىدۇ . ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغان ھاياتىي غايىلىرى ئۇلۇغلىنىدۇ . زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بىلەن ھاياتىي رەزىللىك ۋە مەنىۋى پەسكەشلىك ئوتلۇق نەپرەت بىلەن قارىلىنىدۇ .

مەشرەپ شېئىرلىرى مەردانىلىق ، ئىسيان ، ساداقەت ۋە ئىنسانى غۇرۇر تۇيغۇلىرىغا تولۇپ تاشقان بولۇپ ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ . ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن كەڭ ۋە چوڭقۇر ھاياتىي مەزمۇن ، رەڭدار ۋە جىلۋىگەر ئىجادىي سەنئەت ، چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپلىكىدە تەڭدىشى بولمىغان قاتلاملىق شېئىرى تەپەككۈرى ۋە پايانى بولمىغان بەدىئىي تەسەۋۋۇر كەڭلىكى كىتابخاننى ھەيران قالدۇرىدۇ .

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى ، مەشرەب شېئىرلىرى ئۆزى مەيدانغا كەلگەن ماكان ۋە زامان تەقەززاسى بىلەن قىسمەن نۇقسانلاردىنمۇ خالىي ئەمەس . بۇگۈنكى دەۋرىمىزدە ئۇنداق تەرەپلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىزغا ، ئۇنى توغرا تونۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

شائىرنىڭ بۇ توپلىمىغا ئۇنىڭ غەزەل ، مۇرەببە ، مۇخەممەس ۋە مۇسەددەسلىرىنىڭ بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .



# غەزەللەر

※ ※

هەر كىشىنىڭ دەردى بولسە يىغلاسۇن يار ئالدىدا ،
قالماسۇن ئەرمان يۈرەكدە ئەتسۇن ئىزھار ئالدىدا ،

ئەندەلىبى بىنەۋادەك نالەۋۇ ئەفغان ئىلە ،
ئايلانىپ سايراپ يۈرۈرمەن ئەينى گۈلزار ئالدىدا .

مەنسۇرى ھەللاجدەك ئىچىپ شەرابى ئەنتەھۇر ،
چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇرمەن ئۇشبۇ دەم دار ئالدىدا .

ھەر كىشى بىر جۇرئەئى نۇش ئەيلەسە بۇ بادەدىن ،
ئول قىيامەتدە قىلۇر ئەرزىنى جەببار ئالدىدا .

تەلبە مەشرەب ، قىلماغىل سىررىڭنى زاھىدغە ئەيان ،
ئايتىپ ـ ئايتىپ يىغلاغايسەن ئاشىقى زار ئالدىدا .

※ ※

مەن نالە قىلاي شامۇ سەھەر داد ئىشىكىڭدە ،
جانىمنى بىرەي ، شاھى پەرىزاد ، ئىشىكىڭدە .

ئول لالەۋۇ رەيھانۇ سۇمەن ، تازە قىزىلگۇل ،
ھەم سەرۋ پۈكۈلدى ، قەدى شەمشاد ، ئىشىكىڭدە .

خۇبانى جەھان بولسە ، تەقى يۇسۇفى كەنئان ،
سۇلتانى ئەمىر بەندەئى ، ئازاد ئىشىكىڭدە .

زۇلفۇڭ سىپنى بۇ جانىمە يۈز دامى بەلادۇر ،

جانىم قۇشى سەيد ئولدى ، چۇسەيياد ئىشكىگىدە .

ئالەم بارىسى لەززەتى ھۇسنۇڭنى تاپىپىدۇر ،
گىريانو فىغان ، نالەۋۇ فەرياد ئىشكىگىدە .

سەۋدايى مۇھەببەتكە تۇشۇپمەن سىنى ئىزدەپ ،
ئۆلتۈردى غەمىڭ ، كۆزلەرى جەللاد ، ئىشكىگىدە .

ئەشكىم تۆكۇبان ھەجرۇ غەمىگىدە كىچە ـ كۈندۈز ،
ۋەيرانە ۋەتەن مەنزىلى ئاباد ئىشكىگىدە .

ئۇل ھۇسنۇ جەمالىڭ ئوتى مەشرەبكە تۇشۇپدۇر ،
پەرۋانە سىفەت كۆيدى ، پەرىزاد ، ئىشكىگىدە .

※ ※

تۇشتى سەۋدايى مۇھەببەت باشىمە ،
ئار ئىتەر مەردۇم كېلورغە قاشىمە .

ۋاھ ، مۇھەببەت كويىدا قان يىغلادىم ،
يەتتى ئىقلىم غەرق بولدى ياشىمە .

سەجدە ئەيلەر زاھىد ئول مىھرابىگە ،
مەن قىلۇرمەن سەجدە ئەگمە قاشىمە .

قىل ھەزەر ، ئەلبەتتە ، جانان قەھرىدىن ،
ئۇزرۇ زارىم ساڭا ــ باغرى تاشىمە .

مۇھتەسىب تۆكتۈردى ساقى بادەسىن ،
يەتمەدى ئەقلى ئانىڭ سىرداشىمە .

كۈندە يۈز مىڭ جەبر قىلساڭ ئۆرگۈلەي ،



قوي قاراپ غەم تاشىنى بەرداشىمە .

مەشرەبى دىۋانەنى ھەيران قىلىپ ،
نې سەبەبدىن كەلمەدىڭ بىر قاشىمە .

※ ※

بەناگاھ ئۇچرادى دىلبەر كۈلۈپ مەستانە ـ مەستانە ،
تەۋازىئ بىرلە تەكلىق ئەيلەدى ئول سۇيى مەيخانە .

كۆزى خونخار ، لەبى لەئلىكى مەيدىن لالەگۇن ئېردى ،
كى مەن قانلار يۇتارمەن ئۆلگۇچە پەيمانە ـ پەيمانە .

خەيالى قامەتى بىرلەكى مەن ئۇمرۇمنى ئۆتكەردىم ،
مېنى بارچە خەلايىق دەيدۇلار : « دىۋانە ـ دىۋانە »

بىھەمدۇللا ، كۆڭۈلنى ماسەۋادىن مەن سەۋا قىلدىم ،
ئانىڭ مېھرىنى سەۋدىم ، ئۆزگەدىن بىگانە ـ بىگانە .

قىلىپ ئارزۇ شۇ دىلبەرنى تىلەرمەن كېچەۋۇ كۈندۈز ،
ئانىڭ يادىنى ئەيلەرمەن يۈرۈپ ھەريانە ـ ھەريانە .

كۆڭۈلدە غۇسسە كۆپ ، ھەمدەرد بىرلە ھەمدەمىم يوقتۇر ،
رەقىبلەر ئورتاسىدا تەلبەمەن جەۋلانە ـ جەۋلانە .

باشىم كەتسە يولىدىن ئەمدى ، مەشرەب ،قايتارىم يوقدۇر ،
بۇ جانىمنى نىسار ئەيلەي ئاڭا مەردانە ـ مەردانە .

※ ※

دىل ئانى دەرلەركى ، ھەرگىز ماجەراسى بولماسە ،
كۆز ئانى دەرلەركى ، بەس ، چەشمى بىناسى بولماسە .

جەننەتۇل ـ فىردەۋسنى مۇفت بەرسە يولدا ئىزلەمە ،
خەير ئانى دەرلەركى ، ئەرزەندەك رىياسى بولماسە .

خابگاھىم ئەرش ئىدى ، مۇندا غەلەت تۇشتۇم ، دەرىغ ،
نۇر بولۇر ئېردىمكى ، نەفسى ئەجدەھاسى بولماسە .

دېدى پەيغەمبەر بۇ سۆزنى ، مەشرەبا ، باسىدق ئىشت :
« دەۋزەخى دەرلەر ئانى تەرسى خۇداسى بولماسە »

※ ※

بارۇرمەن ئاستانىگە سەھەر ئاھىستە ـ ئاھىستە ،
سۇرەرمەن كۆزلەرىمگە خاكى دەر ئاھىستە ـ ئاھىستە .

ئۆتەر بىر ـ بىر باسىپ ئۇل شوخ ، باقماس بىۋەفالىقدىن ،
ئېرۇر ئانداق ۋەفاسىز ئۇمر ئۆتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە .

كىچىكلىكدە ، نىگارىم ئاچچىق ئايتسا ئەيب ئېرمەسدۇر ،
كى فەسلىدە بولۇر شىرىن سەمەر ئاھىستە ـ ئاھىستە .

جەمالىڭ بەركامال ئولدى ، بولۇر بىر ـ بىر خەتىڭ پەيدا ،
بەھار بولسە ئۆسەرلەر سەبزەلەر ئاھىستە ـ ئاھىستە .

بارۇ مىسكىن بۇ مەشرەب گۇل يۈزۈڭنى كۆرگەلى ئەمما ،
كۆرەلمەي گۇل يۈزۈڭ يىغلاپ تۇرار ئاھىستە ـ ئاھىستە .

※ ※

سەھرا يۈزى كۆكەرمەس تا ياز بولمەگۇنچە ،
بۇلبۇل تەرەننۇم ئەتمەس تا غۇنچە كۈلمەگۇنچە .

كۆزدىن چۇنان سۇۋ تۆكغىل ، ئىمانىڭ بەھرە ئالسۇن ،



باغۇ چەمەن كۆكەرمەس ، يامغۇر قويۇلمەگۇنچە .

مەكرى رەقىب بىرلە ھەسرەت ئۆيىگە تۇشتۇم ،
غەم رىشتەسى ئۈزۈلمەس تا يار كەلمەگۇنچە .

يۈز يىل تىرىك يۈرۈسەڭ ، ئاخىر بىر كۈن ئۆلۈرسەن ،
ئەفسۇس ئىلە كېتۇرسەن تا ۋاسىل ئولمەگۇنچە .

ئەي مەشرەبى قەلەندەر ، ياخشىغە بەندە بولغىل ،
ھەلۋا ئېتەرگە بولماس شەككەر قوشۇلمەگۇنچە .

※ ※

دىۋانەدۇرمەن شەمئى شەرەر جىلۋە سەنەمگە ،
قۇربان بولاي ئاتەشكەدەئى شۇئلە ئەدەمگە .

زىبا سەنەمىم بادە ئىچىپ ، يۈزىنى ئاچىپ ،
ئوت قويدى پەرىزاد گۇلىستانى ئىرەمگە .

بىر ھۇ بىلە مەن لەيلىنى مەجنون قىلا دەيمەن ،
دىۋانەلىقىم شانە ئېرور زۇلفى سەنەمگە .

يۈز جانىم ئەگەر بولسە ئاڭا ھېچ ئايىماسمەن ،
مەن تەلپىنىبان جان بېرەي ئۇل قاشى قەلەمگە .

زاھىدكى ئەگەر ئىچسە ئىدى بادەئى مەئشۇق ،
سەرمەست بولۇبان بارماس ئىدى مەككە ـ ھەرەمگە !

مەشرەب ، نە بەلادۇر شىكەنى تۇررەئى كاكۇل ،
بەرباد بولادۇر كىشۋەرى دىن ئۇشبۇ ھەشەمگە .

※ ※

ئەرزىمنى ئايتاي بادى سەباغە ،
بىزدىن دۇئالار ئول دىلرەباغە .

كۆزلەرى چولپان ، سەرۋى خىرامان ،
زۇلفى پەرىشان قاشى قاراغە .

قامەتى لەرزان ۋەئدەسى يالغان ،
تۇرمادى هەرگىز ئەهدۇ ۋەفاغە .

ئۇچتى كۆزۇمدىن ئول پەرى يەڭلىغ ،
تاشلادى كەتتى تۇرلى بەلاغە .

شاهى مۇكەررەم ، شاهى مۇئەززەم ،
قىلمادى شەفقەت مۇفلىس گەداغە .

قىلدۇق ئىكىلەن بىر ئەهدۇ پەيمان ،
هەركىم ياماندۇر ، سالدىم خۇداغە .

دەردى فىراقىڭ ئەيلەدى بىمار ،
نەگە بارايمەن ئەمدى دەۋاغە .

هەجرىڭدە قىلدىم تىنماي فىغانلار ،
يەتتى بۇ نالەم ئەرزۇ سەماغە .

قىلغىل تەرەهھۇم ، ئەي يارى جانىم ،
لايىق ئەمەسمەن جەبرۇ جەفاغە .

دەردۇ ئەلەمدىن بالۇ پەر ئەيلەپ ،
شەهباز بۇ كۆڭلۇم ئۇچتى سەماغە .



يول بەرمەدىلەر ماڭا رەقىبلەر ،
چىقتىم باش ئالىپ بۇل كەربەلاغە .

ئەي يارى بەدئەهد ، بىمهر ئىكەنسەن ،
رەهم ئەيلەمەيسەن مەن مۇبتەلاغە .

دەردۇ غەم ئىچرە سارغايدى يۈزۈم ،
رەڭ بەرگۇسىدۇر ئۇل كەهرەباغە .

ئەي باغرى تاشىم ، هەجرىڭدە كۆيدۈم ،
تاپشۇردۇم ئاخىر قادىر خۇداغە .

ئەي جانى جانىم ، كۆرسەم جەمالىڭ ،
جانىم تەسەددۇق سەن خۇش ئەداغە .

ئىشقىڭدا كۆيدۈم ، ئەي سەرۋى نازىم ،
بىر مەرهەمەت قىل مەن بىنەۋاغە .

دىلخەستە مەشرەب قىلماسمۇ فەرياد ،
جەللاد كۆزلەر ئالسا ئەراغە .

※ ※

غەم بەيابانىدا قالدىم ، يىغلادىم كۆپ يار دەپ ،
ئاھ ئۇرۇپ فەرياد ئېتىپ ، بۇلبۇلدەك گۈلزار دەپ .

كېچەۋۇ كۈندۈز كۈيەرمەن ئىشق ئوتىغە دائىما،
دەر بەدەر ئىزدەپ يۈرەرمەن ساهىبى ئەسرار دەپ .

لەشكەرى غەم هەم سۇنۇق كۆڭلۈمنى ئەفگار ئەيلەدى ،
تا دەۋاسىز دەردكە قالدىم ، ئاجىزۇ بىمار دەپ .

گەرچە ئاسىيمەن ، ئەمەسمەن رەھمەتىڭدىن نائۇمىد ،
ھەرنە قىلسا ئەركى بار ئول ، بەندەسى ناچار دەپ .

مەئرەفەتلىك بىر ئىگەم دەپ بولما غافىل ، مەشرەبا ،
گەرچە كافىردۇركى ، يوقتۇر مېھرىبان جەببار دەپ .

※ ※

دائىما يادىڭ بىلە يۈردۈم چۇ سەرگەردان بولۇپ ،
ئاھۇ فەرياد ئەيلەبان ھەجرىڭدە چۇن جۇيان بولۇپ .

ھەرقايان يۈردۈم سوراغىڭ تاپمادىم ، ئەي گۇل ئۇزار ،
ئايلانىپ كەلدىم يەنە غەم ئۆيىگە ھەيران بولۇپ .

تىنمايىن قان يىغلادىم كويىدا رەھم ئەتكەيمۇ دەپ ،
ئىلتىفاتى قىلماي ئۆتتى ئول پەرى جەۋلان بولۇپ .

داغى ھەجرىڭ كۆيدۈرۈپ باغرىمنى ، ئەي نامېھرىبان ،
ژالە يەڭلىغ كۆزلەرىمدىن ئاقتى قان باران بولۇپ .

ئەرزى ھالىم كىمگە ئايتاي ، مېھرىبانىم يوق مېنىڭ ،
كىم قۇلاق سالىپ ئىشتكەي ، ھالىمە گىريان بولۇپ .

زەئفەراندەك سارغايىپ قالدىم فىراقىڭ چۆلىدە ،
ئۆلگەنىم ئەمدى پامالى لەشكەرى ھىجران بولۇپ .

كىرپىكىڭ ناۋەكلەرى كۆكسۈمنى ئەيلەپ يارەلەر ،
غەمزەلىك قىلغان نىگاھىڭ ئۆتتى بىر پەيكان بولۇپ .

بولما غافىل ، مەشرەبا ، ئەمدى ياراغىڭ تۈغرىلا ،
دەم بەدەم ۋەقتى سەفەردۇر ، قالما با ئەرمان بولۇپ .



※ ※

ھېچ كىمە مەئلۇم ئەمەس ھالى پەرىشانىم مېنىڭ ،
ئاسماننى تىيرە قىلدى ئاھۇ ئەفغانىم مېنىڭ .

مەن نېچۈن شاد ئەتمەيىن بول خەستە كۆڭلۈمنى بۇ كۈن ،
كەلدى ھالىمنى سوراپ ئول شوخ جانانىم مېنىڭ .

ئەي ستەمگەر كەلگىلۇ ئەمدى شەھىد ئەتكىل مېنى ،
مەۋج ئۇرسۇن كەربەلا دەشتىدە بۇ قانىم مېنىڭ .

چۈن سۇرەييا بارمۇسەن ، ئەفلاكدىن بالامۇسەن ،
بول فەلەكدە كۆرمەدىم ، ئەي كۆزى چولپانىم مېنىڭ .

نازۇ ئىستىغنا بىلە كەلگىل ،مېنىڭ ھالىمنى سور ،
تەلمۈرۈپ دائىم يولۇڭدا چەشمى گىريانىم مېنىڭ .

تاباكەي جەبرۇ ستەم بىرلە يۈرۈرسەن ، ئەي رەفىق ،
چىقتى ، مەشرەب ، ئۈشبۇ غەمدىن ، بۇ ئەزىز جانىم مېنىڭ .

※ ※

ئارەزىڭگە ئەرزىمەس ، بۇ تەندىكى جانىڭ سېنىڭ ،
دىلدا دەردىڭ يوقتۇر ، ئاقماس دىيدە گىريانىڭ سېنىڭ .

ھىممەتىڭ گەر بولسا خالىس ، يەتتى دەۋزەخنى بۇزار ،
بولسا ئىبراھىم سىفەت ، ئاتەش چۇ بازارىڭ سېنىڭ .

تا دىلىڭگە دەرد تەگمەي ئاززۇلاردىن جۇدا ،
چۈن سوراپ كەلمەس ئاشۇ ئالدىڭدا لۇقمانىڭ سېنىڭ .

سەن كۆزۈڭنىڭ نۇرى كەتمەي دامەنى كامىلنى تۇت ،

كەندە بولغاي تا تېنىگدىن كۆللى ئىسيانىڭ سېنىڭ .

مەن تەسەددۇقى ئاشۇنداق ئالى ھىممەتلەر بولاي ،
بولماسە ئالۇدە ھەر نەۋئىدە دامانىڭ سېنىڭ .

بىر خەسىس سەندىن كېيىن قالدى بەلايى جانىڭ ئول ،
بولسە بىر سۆزىگە مىھرىڭ كاھىشى جانىڭ سېنىڭ .

مەشرەبا ، خابى ئەجەلدىن لەھزەئى بىدار بول ،
موندا جان بەرگەندە ئاسان چىقماغان جانىڭ سېنىڭ .

※ ※

تۈنۈ كۈن كەبى يۈزۈڭگە ياراشىپ تۇشۇپتۇ خالىڭ ،
يۈرەكىمدە خۇ قىلىپمەن رىشتەئى قەددى نىھالىڭ .

ماڭا ئىچمەكۇ يېمەك يوق ، يا نە كۈلمەك ، ئويناماق يوق ،
ئۆزگە زىكرىنى دېمەك يوق ، خابۇ راھەتىم خەيالىڭ .

سەنەما ، نېچۈك شىرىنسەن ، ئايۇ كۈن ئانا ـ ئاناڭمۇ ؟
ئۇ جەھاننى كۆيدۈرۈپدۇر ، بۇ جەھاندا يوق مىسالىڭ .

غەمى ئىشقىدىن بۇ مەشرەب ، بۇسۇقۇڭغە باش قويۇپدۇر ،
قىلادۇر فىغانى زارى ، دېمەدىڭ نېچوكدۇر ھالىڭ .

※ ※

شۆھرەت ئەيلەپكىم ئالاردەك خۇدنەمالارنى كۆرۈڭ ،
زاھىرۇ شۆھرەتپەرەست نائاشنالارنى كۆرۈڭ .

يولنى بىلمەس ئۇممەلەرنىڭ كۆزىگە ئارىف بولۇپ ،
ئۆزى مەنزىلگە يېتەلمەي نابىنالارنى كۆرۈڭ .



بارچەگە ئەيلەر نەسىھەت ئۆزىنى دانا ئېتىپ ،
يولدا قالغان بىكەسۇ بىررەھنەمالارنى كۆرۈڭ .

كۇفرىۋۇ ئىماننى بىلمەسلەر ، كەرامەت ئەيلەبان ،
تائەتۇ تەقۋا بىلەن ساھىب رىيالارنى كۆرۈڭ .

ھەر كىشى سورسا نەسەبدىن ، دەم ئۇرارلار نەفس ئۈچۈن ،
باتىنى فىرئەۋنۇ زاھىر ئەۋلىيالارنى كۆرۈڭ .

لاپ ئۇرارلار ئارىفى يەكدىلەمەن دەپ خەلق ئارا ،
خەلقنى گۇمراھ قىلىپ ، يۈزى قارالارنى كۆرۈڭ .

زاھىرىدە سۇفىمەن دەپ تەركى دۇنيا ئەيلەگەن ،
باتىنى دۇنياغە مايىل بەختى قارالارنى كۆرۈڭ .

خەلقنىڭ كۆزىگە ھەردەم سۇرەتىن دىگەر قىلىپ ،
نەفس ئۈچۈن شەيتان بىلەن يۈرگەن گەدالارنى كۆرۈڭ .

ئۆزىنىڭ ئەۋلادىنى خەلق ئىچىدە ئىفشا قىلىپ ،
تەندە يوق مەئنا قۇرۇق نامى سەرالارنى كۆرۈڭ .

شۆھرەتىم ئافەت بولۇر دەپ مەشرەبىڭ قول ئالمادى ،
كۆزدە ياشىم قەترەسى دۇررى بەقالارنى كۆرۈڭ .

※ ※

ئاپەتى جانىم ئول سەنەم قاشى قاراسىنى كۆرۈڭ ،
ئىككى يۈزىگە چولغانىپ زۇلفى سىياسىنى كۆرۈڭ .

ھۇرۇ پەرىدىن تازەدۇر ، شەمسۇ قەمەر خىجلەتدەدۇر ،
كىم ئانى كۆرسە بەندەدۇر ھۇسنى رىياسىنى كۆرۈڭ .

گاھى يارىم قىزىل كىيىپ ، قىرمىزى چاچباغىن سالىپ ،
نازۇ كەرەشمەلەر قىلىپ ، ئەھدى ۋەفاسىنى كۆرۈڭ .

گاھى قاشىن چۆ يا ئېتىپ ، كىرپىك ئوقى بىرلە ئاتىپ ،
جادۇ كۆزىنى ئويناتىپ ، مەكرو بەلاسىنى كۆرۈڭ .

مەشرەبى بىنەۋادۇمەن ۋەسلى ئۈچۈن گەدادۇمەن ،
ھەجر ئوتىغە كۆيەدۇمەن ، يار جەفاسىنى كۆرۈڭ .

※ ※

ئاخىرىمنى دەردۇ غەمگە ئاشىنا قىلدى بۇ دەرد ،
يىغلاماي نەيلەيكى ، زورىمنى سىيا قىلدى بۇ دەرد .

كىيىبان ئەگلىمە ، قان يىغلايكى ، ماتەملىك لىباس ،
نى دىلاۋەرلەرنى يەر ئىچرە فەنا قىلدى بۇ دەرد .

بەخت قارالىق مۇندىن ئۆتمەس ، تالئىم بولدى زەبۇن ،
مەن ۋەفا قىلدىم تەمەئ ، قايتىپ جەفا قىلدى بۇ دەرد .

ياغدۇرۇپ باشىمغە ھەر سائەت لەھەدنىڭ گەردىنى ،
كۆر بۇ ھالىم ، غەمزەدا ، بەختى قارا قىلدى بۇ دەرد .

ھەمنەفەسلەردىن جۇدا ئەيلەپ مۇسىبەت شەھرىگە ،
ئاشنالارنى ماڭا نائاشنا قىلدى بۇ دەرد .

قايغۇلۇق باشىمغە ھەردەم كوھى غەمنى ئارتتۇرۇپ ،
مىسلى ئەدھەمدەك جەھاندىن ماسىۋا قىلدى بۇ دەرد .

ئىچكەنىم زەھرابە بولدى ، كىيگەنىم بولدى كەفەن ،
باشىمە توققۇز فەلەكنى ئاسىيا قىلدى بۇ دەرد .



غۇسسەدىن ئۆرتەندى مەشرەب ، سورمادىڭ ئەھۋالىنى ،
دوستۇ دۇشمەنگە مىنى ئەنگۇشتنەما قىلدى بۇ دەرد .

※ ※

جەفا قىلدىڭ بۇ جانىمغە ۋەفانى كۆرمەدىم ھەرگىز ،
بۇ ئالەمدە ئۆزۈمدەك مۇبتەلانى كۆرمەدىم ھەرگىز .

مۇھەببەت يولىغە قويدۇم قەدەم ، ھالىم زەبۇن بولدى ،
بەغەير ئەز مىھنەتۇ دەردۇ بەلانى كۆرمەدىم ھەرگىز .

تەبىبا ، مۇددەتى بولدىكى ، مەن دەردىگە ھەمدەممەن ،
ئۆزۈلدى رىشتەئى جانىم ، دەۋانى كۆرمەدىم ھەرگىز .

مۇسىبەت سېلىنىڭ بەربادى بولدۇم كۆھنە دۇنيادە ،
قولۇمنى تۇتقىدەك بىر ئاشنانى كۆرمەدىم ھەرگىز .

يىتۈشتى بەستەلىك كارىمغە بىلمەمدۇر ئىلاجىنى ،
ئاداشقان يەردە سورغان رەھنەمانى كۆرمەدىم ھەرگىز .

يازىلدى تەختەئى ئىقبالىمە سەر دەپتەرى غۇربەت ،
تەلەب ۋەقتىدە بىر ساھىب دۇئانى كۆرمەدىم ھەرگىز .

جەراھەتلىك دىلىمنىڭ زەخمىنى ھەر كىمگە كۆرسەتتىم ،
ئەجەب تالئ زەبۇندۇرمەن ، شىفانى كۆرمەدىم ھەرگىز .

بۇزۇلغان خاتىرىم ھەرگىز جەھاندا كۆرمەدى شادى ،
جەھان ئەيۋانىدا غەيرەز جەفانى كۆرمەدىم ھەرگىز .

جەھاننى تەرك قىلدىم ، مەشرەبا ، ئىبراھىم ئەدھەمدەك ،
سەرا پا دەرد كۆردۇم ، مۇددەئانى كۆرمەدىم ھەرگىز .

※ ※

مەن ئىچۇك يۇرگۇم بۇ غۇربەتخانەدە دىلدارسىز ،
ئۆمر ئەمەس ئاشىققە گەر بىرلەھزە بولسە يارسىز .

مىھنەتىن كۆڭلىگە خۇ قىلغان كىشلەردىن سوراڭ ،
ھېچ ئىلمى سىينەگە جا بولمادى تەكرارسىز .

دەر بەدەر بولدۇم ، جەھاننى كۆپ تەماشا ئەيلەدىم ،
ھېچ گۇلنى كۆرمەدىم ئالەمدە بولغاي خارسىز .

كۆڭۇل ئالدۇرغان كىشلەردىن بىلىڭ دىل رازىنى ،
بۇكى ھەركىم كۆڭۇل ئالدى ، ئول ئىرۇر ئازارسىز .

كاۋلاما باغرىمنى ، كۆڭلۇمنى پەرىشان ئەيلەمە ،
تەلمۇرۇپ قالدى كۆزۇم يولىدا ئول دىيدارسىز .

مۇندا ئۆرتەنگەن كۆڭۇل ئاخىر يېتەر مەقسۇدىغە ،
ھېچ بۇلبۇل بولماغاي ئالەم ئارا گۇلزارسىز .

كىمىيانىڭ تالىبى بولغان كىشى جاندىن كېچەر ،
ھېچ گەنجى كۆرمەدىم ئالەمدە بولغاي مارسىز .

ئۇچراماي كەتتى ئاشۇ مەھۋەشگە رازى دىل دېسەم ،
تاپمادىم ھەرگىز ئانى يالغۇز ، دەمى ئەغيارسىز .

مەشرەبا ، ۋەقتى نەدامەتدۇر بەرادەرلەر قېنى ؟
ئىستىقامەت قىلما دۇنيادا پەرى رۇخسارسىز .



※ ※

جەھاندا تاپمادىم ھەمدەرد ، قالدىم ناتەۋان يالغۇز ،
سەرا پا غەم سەۋارى ئىچرە قالمىشمەن نىھان يالغۇز .

كۆزۇڭ يەغما قىلۇر بىكەس كۆڭۇلنى ، ھېچ ئەجەب ئەرمەس ،
قاراقچى قورقاتۇر ھەر يەردە تاپسا كارۋان يالغۇز .

نەچە مەندەكنى گەردۇن مۇبتەلائى دەردۇ غەم قىلدى ،
دېمەم مۇنچە جەفانى ماڭا قىلدى ئاسمان يالغۇز .

سېنىڭ تەئرىفىڭە ھەر بەندۇ بەندىم نالەلەر قىلمىش ،
قاچان ئەسرارى ئىشقىڭ ئايتائالغاي ھەر زەبان يالغۇز .

ئاتارلار ھەر تەرەفدىن شوخلار مۇژگانلارىدىن ئوق ،
قىلىبدۇرلا مېنىڭ كۆكسۇمنى ھەرياندىن نىشان يالغۇز .

بۇ كۇن دوستلار ، مەتائى سەبرۇ ئارامىمنى ئالدۇردۇم ،
قىلالماس ھىفز مەھزۇن بولسە راۋىي داستان يالغۇز .

مەن ، ئەي مەشرەب ، سېنىڭ كويۇڭ سارىغە بارماغىم مۇشكىل ،
نې بولغاي گەر ئۆزۇڭ كۇلبەمگە بولساڭ مىھمان يالغۇز .

※ ※

بارچەلەر ياندى گۇنەھدىن ، مەنكى ياناماسمەن ھەنۇز ،
خابى غەفلەتدىن ئويياندى ، مەن ئويياناماسمەن ھەنۇز .

تەۋبەئى تەۋفىق بىلەن يىغلاپ تۇرۇرلەر زار ـ زار ،
ئاخىرەت ئامالىن ئايتىپ مەن قۇتۇلماسمەن ھەنۇز .

بەندەلەركىم لۇتفىڭە ھەردەم سۆيەنىپ ئولتۇرۇر ،

بىدەۋا نەفسىمنى ئىزلەپ مەن سۆيەنمەسمەن ھەنۇز .

ئارىفۇ سادىق ھەمە پەندۇ نەسىھەت ئالدىلار ،
بارچە پەندىڭ ئالدىلار ، پەندىڭنى ئالماسمەن ھەنۇز .

بەندەلىك قىلساڭ تەكەببۇر قىلما ، شەيتان فىئلىدۇر ،
مەن تەكەببۇردىن زەمانى خالى ئەرمەسمەن ھەنۇز .

بەندەلىك قىلماي ئەزازىل بولدى سەركەش ئەمرىگە ،
راندەئى دەرگاھ بولدى ، مەنكى يانماسمەن ھەنۇز .

دۇنيانى كۆپ يىغدى قارۇن كەتتى ئۇل يەر قەئرىگە ،
دۇنيادىن بىردەم زەمان كۆڭۈل ئۈزەلمەسمەن ھەنۇز .

بۇندا بولساڭ ، مەشرەبا ، كەچكىل ھەۋايى ھىرسدىن ،
كەچتى بارچە ھىرسدىن ، ھەرگىز كېچەلمەسمەن ھەنۇز .

※ ※

تۈشتى ئىشقىڭ ، ئەي پەرى ، ئەقلىمنى ھەيران ئەيلەدى ،
ھەجرىڭ ئوتى كۆيدۈرۈپ ، باغرىمنى بىريان ئەيلەدى .

ئەي نىگارا ، ئارزۇيى ئارەزىڭ ۋەسلىڭ تىلەپ ،
غۇنچەدەك لەئلىڭ غەمى ئەشكىم تۇلا قان ئەيلەدى .

گاھى ـ گاھى رەھم ئېتىپ ، بەندەڭ سارى قىلغىل نەزەر ،
ئاشقىڭ جاندىن كېچىپ ، ئۆزىنى قۇربان ئەيلەدى .

دائىما ئىشقىڭدا يىغلارمەن سېنىڭ ، ئەي نازەنىن ،
گەر بۇ كۇن كىم يىغلار ئەرسە ، تاڭلا خەندان ئەيلەدى .

قەترەئى ۋەھدەت مەيىدىن لۇتف ئىلە قىلدى كەرەم ،



زەۋقۇ شەۋقىدىن بارىپ ئالەمدە سۇلتان ئەيلەدى .

ئەي بەرادەرلەركى ، مەندىن ئافىيەت كۆز تۇتماڭىز ،
بىر پەرى ئەقلىم ئالىپ كويىدا نالان ئەيلەدى .

ساقىئى پىرى ماڭا سۇندى شەرابى ئەنتەھۇر ،
ماسىۋا ئەيلەر ھەمەدىن ، مۇشكىل ئاسان ئەيلەردى .

بىر مەسەلدۇر : دۇنيانىڭ ئاسايىشى كافىر غەمىش ،
بۇ جەھاننىڭ ئاشىقىغە چاھى زىندان ئەيلەدى .

خەلقى ئالەم ، ئەي پەرىۋەش ، ئاشنا بولغاچ ساڭا ،
مەشرەبىڭنىڭ باشىغە كۆپ تىرى باران ئەيلەدى .

※ ※

بول غەرىبلىك غۇربەتى كۆڭلۈمگە كۆپ كار ئەيلەدى ،
قىلدى باغرىم پارەلەر ،جانىمنى ئەفگار ئەيلەدى .

ياردى كۆكسۈم ، ئەزدى باغرىم ، ئاھ ، بۇ دەردى فىراق ،
ئۆرتەدى مىسكىن تېنىم يەر بىرلە ھەمۋار ئەيلەدى .

جامى غۇربەتتىن ئىچىپ قىلدىم غەرىبلىك ئىختىيار ،
نې جەفالار جانىمە ئۇل چەشمى خۇممار ئەيلەدى .

تەلبە بولدۇم ، ھەرزە يۈردۈم ، بىلمەدىم نۇقسانىمى ،
ئاقىبەت ئىشقىڭ مېنى رەسۋائى بازار ئەيلەدى .

نائۇمىد بولما ئەگەرچە ئاسىمەن ، ئەي مەشرەبا ،
بەھرى رەھمەت ئاسى قۇللارغە سەزاۋار ئەيلەدى .

※ ※

کېچە بەزمىڭدىن يىراق ئىشق ئەھلى چەندان يىغلادى ،
كۆيدى ھەم پەرۋانەۋۇ شەمئى شەبىستان يىغلادى .

ساغىنىپ ، يۇسۇفنى يەئقۇپ يىغلادى شامۇ سەھەر ،
تا مۇسافىر بولدى يۇسۇف ئەھلى كەنئان يىغلادى .

ساقى سۇنغاندا سۇراھى دەم بەدەم فەرياد ئېتىپ ،
ئەھلى مەجلىس ئالدىدە ياش ئورنىغە قان يىغلادى .

ھەجر شاھى كۆيگەنىمگە كۆيدىيۇ ئۆرتەندى بەرق ،
ھەم مېنى دەردى دىلىمگە چەرخى گەردان يىغلادى .

ھەر تىكەن غەم تاغىدە سانچىپ ئاياغىم قىلدى قان ،
ماڭا يار رەھم ئەيلەمەس ، خارى مۇغىلان يىغلادى .

بولماسۇن ئاگاھ كىشى ھالى دىلىمدىن خەلق ئارا ،
گەرچە كۈلدى ئاغزىمىز ، ئەمما دىلۇ جان يىغلادى .

مەشرەبا ، گەر جان ياقاسىن چاك ـ چاك ئەتسەم ، نې تاڭ ،
كىم فەلەك ھەم جەۋرى ئول سەۋرى خىرامان يىغلادى .

※ ※

كەل ، ئەي دىلبەر ، يۈزۈڭ ئاچقىل ، تەسەددۇقدۇر بۇ جان ئەمدى .
فىراقىڭدا ئەدا بولدى ، كۆيۈپ بۇ ئۇستىخان ئەمدى .

نىچۈك ئەيلەي ، بەرادەرلەر ، بولۇپمەن زارۇ سەرگەردان ،
دەۋاسىز دەردكە ئۇچراپمەن ، ئۆلەرمەن بىگۇمان ئەمدى .

جەھاندا ھېچ كىشى بارمۇ جۇدالىقتىن ئەدا بولغان ،



يىتىبدۇر ھەلقۇمە جانىم ، ماڭا يوق مېھرىبان ئەمدى .

نېچۈك تاقەت قىلاي دىلبەركى ، سەنسىز مەن بۇ دۇنيادە ،
چىقار كۆكسۇمدىن ئاھىم ھەم تۇرالماس ئاسمان ئەمدى .

كېتىبان مېھرىبان دىلبەر ، يۈرەك باغرىم كەباب ئەتتى ،
يېتەلمەسمەن نىگارىمغە ، نە ئەيلەي جاۋىدان ئەمدى .

تۈشۈپتۇ كۆڭلۈمە دەردىڭ ، كىمە ئايتىپ ، كىمە يىغلاي ،
لەھەد ئىچرە كىتەر بولدۇم ، يۈرەكىم تولە قان ئەمدى .

كەل ، ئەي مەشرەب ، جۇدالىق دەردىدىن كۆپ شىكۋەلەر قىلدىڭ ،
يېتىپتۇر ساڭا بۇ نەۋبەت ، كېتەر ياخشى ـ يامان ئەمدى .

※ ※

مىڭ شورى فىغان بىرلە ، ھەي ـ ھەي نې بەلا كەلدى ،
جان قىنچقىرادۇر قوي دەپ ، خەنجەرنى ئالا كەلدى .

قولىدا قىلىچ پۇلاد ، قاشىمە كېلىپ جەللاد ،
قىلدى مېنى بىبۇنياد ، تېغى گۇزەرا كەلدى .

كەتسەم بۇ ئەلەم بىرلە ، يۈز كاھىشۇ غەم بىرلە ،
سەۋدايى سەنەم بىرلە خۇش دەۋرى سەفا كەلدى .

رازى بۇلايىن ئۆلسەم ، جان بەرگۈچە بىر كۆرسەم ،
مۇنداق نې بەلا بىرلەن شىددەتلى قەزا كەلدى .

زەھمەتكە قەزا ياندا ش ، بولدى ھەمەسى يولداش ،
ئول جەۋرۇ جەفا پاداش ، تىكلەپ يۈگۈرۈپ كەلدى .

دىۋانەئى مەشرەبسەن ، قورقۇپ نېگە يىغلارسەن ،

ئاشىق كىشىگە ئۆلمەك ئەينى مۇددەئا كەلدى .

※ ※

مېنى دەۋران بۇ كۈن دەردۇ ئەلەمگە مۇبتەلا قىلدى ،
جەفاجۇ نازەنىنلەر بىرلە يارۇ ئاشنا قىلدى .

ئەلىفدەك جان ئاراسىدا نىھالى قامەتىن ئاسراپ ،
غەمىدىن ئاقىبەت قەددىمنى نۇن يەڭلىغ دۇتا قىلدى .

بەرادەر ، سەن بۇ كۈن مەندىن ئۈمىدى ئافىيەت قىلمە ،
يۈرەك باغرىم ئاقىپ كۆزدىن ئەجەل يۈزىنى ۋا قىلدى .

كىشىگە ئايتە ئالماي باشىغە تۈشكەن تەبئى ھالىمنى ،
بۇ ھەسرەت بارە ـ بارە ئۆزىنى باغرىمغە جا قىلدى .

بۇ ھالىمغە تەرەھھۇم قىلغۇدەك بىر مېھرىبانىم يوق ،
مېنى بىچارە قىلدى ، زار قىلدى ، بىنەۋا قىلدى .

بۇ بىشەفقەت فەلەك سالدى مېنىڭ باشىمغە سەۋدالار ،
چۇ ئاندىن نېكى كەلدى ، بارى تەقدىرى خۇدا قىلدى .

خەلايىق دۇنى بولسام ھەم جەھان ئىچرە غەنىمەتمەن ،
بۇ كۈن تاڭلا ئەيتۇرلاركى ، مەشرەب ھەم قەزا قىلدى .

※ ※

ناگاھ كۆرۈنۈپ كۆزلەرى شەھلا باقا قالدى ،
پەردە كۆتەرىپ قاشىنى ئول دەم قاقا قالدى .

ئاشىق ئىكەنىمنى بىلىپ ئول دىلبەرى رەئنا ،
ئەقلىمنى ئالىپ ، جانىمە ئوتلار ياقا قالدى .



رۇھمۇ ئارتىپ ياشىنى ، ۋاھ ـ ۋاھ يۈزى ئاتەش ،
ئىشق چاقماقىنى جانىمە ، نەيلەي ، چاقا قالدى .

تەرسابەچەنى كۆردۈمۇ دىن كەتتى قولۇمدىن ،
قىل سەجدە دەبان بوينۇمغا زۇننار تاقا قالدى .

مەن ئانىڭ ئۈچۈن كېچەيۇ كۈندۈز يۈگۈرۈرمەن ،
يارىم كېلىبان بىر گىنە ھالىم سورا قالدى .

ئايتتى : « نې تىلەرسەن ؟ » دېدىم « شەمئى جەمالىڭ ! »
كۆرسەتتى يوزىن ، مەقسۇدىم ھاسىل ئېتە قالدى .

مەشرەب بۇ جەھاندا يۈرۈبان تاپمادى بىر مەرد ،
يۈز شۇكركى ، ئانىڭ بىلە ئۈلفەت بۇلا قالدى .

※ ※

كۆرۈندى كۆز قاراسىغە مەگەر خەيلى پەرىزادى ،
شەفەق تۇتتى جەھاننى ، كەلدى يا بىر قەددى شەمشادى .

چەراغان بولدى دۇنيا ، يا مەگەر كەلدى مېنىڭ يارىم ،
بەيابان بولدى باغۇ بوستانى خۇررەم ئابادى .

ئەگەر ئۇ شاھى خاقان قەتلىمە لەشكەر چېكىپ كەلسە ،
يۈرەكىم چاك ئېتىپ ئەيلەي ئانىڭ ئالدىدا ھەم دادى .

بەھارىستان بولدى ، رەڭ ـ بەرەڭ گۇللار بولۇپ پەيدا ،
خەزان ئەتمەك ئۈچۈن ، دوستلار ، ئىلاھا ، كەلمەگەي بادى .

نەچە يىللار ياتىپمەن قارۇ يامغۇر ئاستىدە دائىم ،
پەرىزادىم ، مەلىكەم قىلمادى لېكىن مېنى يادى .

ئارىغ يولغه ئۆزۈڭنى ئالكى ، مەشرەب ، ئۆتتى ئۇمرۈڭ ، لېك ،
مۇرادۇ مەقسەدىگە يەتمەدى هەرگىز خەراباتى .

※ ※

نەمەنگان شەهرىدىن دوستلار ، مېنىڭ يارانلارىم كەلدى ،
ئاتام بىرلە ئانامنى بىلگۈچى مېهمانلارىم كەلدى .

شۇجائەت بابىدا هەر قايسىسى بىر رۇستەمۇ سۇهراب ،
ئەدالەت تەختىگە مىنگەن بۇ كۈن سۇلتانلارىم كەلدى .

ئىنايەتلىك ، دىيانەتلىك يەنە هەم مۇرشىدى كامىل ،
هەمە ئارىق ، هەمە سادىق ، هەمە ئىرفانلارىم كەلدى .

ئالارنىڭ خاكى پايى كۆزلەرىمگە تۇتىيا ، مەشرەب ،
چەراغىمنى مۇنەۋۋەر قىلغۇچى خاقانلارىم كەلدى .

※ ※

ئاق يۈزۈڭدە خالۇ خەت كۆز كۆرمەگەيدى كاشكى ،
كۆڭلۈمە يۈز داغى غەمنى قويماغايدى كاشكى .

ئىشقىدا هۇ ئەيلەگەچ كەتتى فۇتۇر دىن ئۆيىدىن ،
بادەنى بىغەش كۆرۈبان سۇنماغايدى كاشكى .

چۈن نەمەنگاندىن خوتەن پەرۋاز ئەيلەپ مۇرغى رۇھ ،
دانەئى هالىن كۆرۈبان قونماغايدى كاشكى .

يار جىلۋە بىرلە باقتى ، رۇهۇ جان بولدى كەباب ،
بۇ جەفالارنى باشىمغە سالماغايدى كاشكى .

ئايرىلىقنىڭ دەردىدىن جانىم كۆيەدۇر يا مەگەر .



داغى هەسرەتدىن بۇ جانىم كۆيمەگەيدى كاشكى .

كاشكى ئالسە بۇ جانىم داغى هەسرەت كۆيمەسە ،
ئۇشبۇ داغى ئايرىلىقنى كۆرمەگەيدى كاشكى .

مەشرەبا ، يار خىزمەتىنى ئەيلە جانۇ دىل بىلە ،
ئۇشبۇ دەۋران هەم غەنىمەت ، ئۆلمەگەيدى كاشكى .

※ ※

كىمگە ئايتىپ يىغلايىن نازۈك ئەدانىڭ دەردىنى ،
خانە ۋەيران ئەيلەگەن نائاشنانىڭ دەردىنى .

دىلنى بەردىم ئەلگە مەن غەيرەز جەفاسىن كۆرمەدىم ،
ئايتىپ ـ ئايتىپ يىغلايىن ئول بىۋەفانىڭ دەردىنى .

ئۇمرۇم ئاخىر بولدى يەتمەي دامەنىنىڭ گەردىگە ،
كىمگە ئايتىپ ، كىمگە يىغلاي دىلرەبانىڭ دەردىنى .

دەر بەدەر ئاۋارەمەن ، كۆيدى دىلىم ئەخكەر سىفەت ،
بەخت قارا بولغان بىلۇر ، بەختى قارانىڭ دەردىنى .

ئاسمان بىسەر بولۇر ئايتسام ئەلەملىك داستان ،
هەر كىشىگە ئايتا بىلمەم رەهنەمانىڭ دەردىنى .

دەشتۇ سەهرالار كۆيەر مەجنۇننى تارتقان ئاهىدىن ،
بىسەرۇ پالار بىلۇر ساهىب ئەزانىڭ دەردىنى .

نارەسالارگە سۇخەن قىلما ، خەتادۇر ، مەشرەبا ،
بىلمەس هەركىم چار يارى با سەفانىڭ دەردىنى .

※ ※

سەن ، ئەي زاھىد ، بارىپ مىھرابقە قىل نازۇك ئەدالىقنى ،
جەھاندا كۆرمەدىم ھەرگىز كىشى سەندەك رىيالىقنى .

زەلالەت پىشەلىقنى ئەھلى دۇنلار سەندىن ئۆرگەنگەي ،
مۇنافىق بەد پىسەندلىق ھەم تەمەئگەر ، رو سىيالىقنى .

رىيا تائەت قىلىپ كۆندۈزلەرى ئۆزنى دەبان مۇرشىد ،
كېچەدىن تاڭ قەدەر قىلغۇڭ ئۆزۈڭدەك يۈز قارالىقنى .

ئايا مەشرەب ، دېدى زاھىد گۇناھىڭ بىھساب ئەرمىش ،
ئەگەر ئەفۋ ئەيلەسە سەتتار ، كېچەر سانسىز گۇنالىقنى .

※ ※

كەل ، ئەي دىلبەر ، بەيان ئەيلەي ساڭا بىر ـ بىر جۇدالىقنى ،
كى شايەد رەھم ئېتىپ سالساڭ ئۆزۈڭگە ئاشنالىقنى .

تەمامى خانۇ مانىمدىن كېچىبان بىر سېنى دەرمەن ،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگە بىلمەيدۇر ، ئۆزۈڭ بىلگىل جۇدالىقنى .

كى سەندىن ئۆزگەنى دېمەم قەسەم بىللاھ ، جانىمغە
جەفالەر ئەيلەمە ، ئەي ماھ ، ماڭا بەرگىل سەفالىقنى .

سۇلەيمان تەختىگە ، جەمشىدنىڭ جامىغە بەرمەسمەن ،
قولۇمدا كاسەئى چۇبىن ، ساڭا قىلسام گەدالىقنى .

ئايا ئەي رەھمسىز زالىم ، جەفاجۇ ، كۆزلەرى جەللاد ،
نىگارا ، مەشرەبىڭگە قىلماغايسەن بىۋەفالىقنى .



※ ※

مەن كىمگە ئەيتاي دوستلارىم ، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى ،
سەدپارە قىلدى يۈرەكىم ، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى .

تۈن كېچەلەر داد ئەيلەسەم ، ھەردەم سېنى ياد ئەيلەسەم ،
ئىشقىڭدە فەرياد ئەيلەسەم ، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى .

شامۇ سەھەر گىريان بولاي ، يولۇڭدا سەرگەردان بولاي ،
ئاخىر ساڭا قۇربان بولاي ، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى .

ھەمدەم بولاي مەيخانەگە ، ساكىن بولاي بۇتخانەگە ،
باشىم قويااي ئاستانەگە ، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى .

ئىشق ئەھلىگە ھەمدەم بولاي ، ھەق يولىغە مەھكەم بولاي ،
دەرگاھىغە مەھرەم بولاي ، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى .

دىۋانەئى شەيدا بولاي ، مەن تالىبى مەۋلا بولاي ،
خەلق ئىلىگە رەسۋا بولاي ، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى .

مەشرەبكە قىل لۇتفۇ كەرەم ، ۋەھدەت شەرابىن دەم بەدەم ،
ئەي ساھىبى لەۋھۇ قەلەم ، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى .

※ ※

ئاشىق ئولدۇر تا دىلىغە ساقلاسە ئەسرارنى ،
بەرھەم ئۇرسا يولىغە ئالەمدە يوقۇ بارنى .

تا ئۆزۈڭگە دەرد تەگمەي ، ئايلانىپ كەلمەس دەۋا ،
بەس بۇ مەئنادىن ھەكىملەر كۆن سورار بىمارنى .

گەرچە ئاسمەن ئانىڭ دەرگاھىدىن نەۋمىد ئەمەم ،

بىر گۇل ئۇچۇن سۇ بېرۇرلار  سەد ھەزاران خارنى .

ئاخىرى مەنزىلگە يەتمەسدۇر كۇدۇرەتلىك كۆڭۈل ،
دىلغە جا بەرمەك نەھاجەت دۇشمەنى غەددارنى .

تا دىلىڭغە مەئرەفەتدىن نۇرى ئىمان بولماسە ،
سوفىلار ، بىر ھۇغە ئالماسلار ئانى دەستارنى .

خاتىرى پاكىڭنى مەشغۇل قىلما ھەرگىز دۇنياغە ،
دىل غۇبار ئالۇدە بولدى ئول كۆرەلمەس يارنى .

ئەۋلىيالاردەك مۇئەززەم بولامەن دېسەڭ ۋەلي ،
مەشرەبا ، ھېچ كەندە قىلما دىلدىن ئىستىغفارنى .

※ ※

ئەي سەنەم ھەجرىڭ غەمىدە دىيدە گىريان بولغۇسى ،
كۆرمەسەم بىردەم يۈزۈڭنى يۈرەكىم قان بولغۇسى .

مەردۇمانى كۆزلەرىڭ بىر كافىرى بىرەھم ئېرۇر ،
گەرچە تەرسا كۆرسە ھەم ئول دەم مۇسۇلمان بولغۇسى .

ئەنبەرىن زۇلفۇڭ تاراپ باقساڭ ، نىگارا ، ھەر تەرەف ،
جەمئى كۆڭۈل بىر قاراپ يۈزىڭ پەرىشان بولغۇسى .

قامەتىڭنى كۆرسەلەر مەھشەردە ئىنسانۇ مەلەك ،
ھۇرۇ غۇلمانلار بولۇپ بارچەسى ھەيران بولغۇسى .

قەترەئى ئەشكىم ئەگەر تامسە يۈزۈمگە ، مەشرەبا ،
تەشنەلىك ۋەقتىدە بىلسەڭ راھەتى جان بولغۇسى .



※ ※

مەئرەفەت بازارىنىڭ دىۋانەسى ،
بول ھەقىقەت ئىشقىنىڭ مەيخانەسى .

ئاھ ئۇرۇپ چىقسە جەھاننى كۆيدۈرۈر ،
ئاشق ئەھلىن زىينەتۇ سەرمايەسى .

ئىككى دۇنيانى كۆزۈمگە ئىلمادىم ،
مەنكى ئول دىيدارىنىڭ ھەيرانەسى .

ئەيلەدى كۆڭۈلنىڭ ئۆيىنى خەراب ،
بۇل ئېرۇر تەن مۇلكىنىڭ ۋەيرانەسى .

ماسىۋانى تەرك قىلدىم ئىشقىدا ،
بول جەھانۇ ئول جەھان بىگانەسى .

مەشرەبى دىۋانەنى ھەيران ئېتىپ ،
قەددى مەۋزۇن ئەگمە قاشىڭ قارەسى .

※ ※

بۇ تەنى خاكىنىۇ رۇھى رەۋاننى نە قىلاي ؟!
بولماسە قاشىمدا جانانە بۇ جاننى نە قىلاي ؟!

يارسىز ھەم بادەسىز مەككەگە بارماق نە كېرەك ،
ئىبراھىمدىن قالغان ئول ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي ؟!

ئۇرامەنمۇ باشىمە سەككىز بىھىشتۇ دەۋزەخىن ،
بولماسە ۋەسلى ماڭا ئىككى جەھاننى نە قىلاي ؟!

ئەرشىنىڭ كۇنگۇرەسىن ئۇستىگە قويدۇم ئاياغىم ،

لامەكاندىن جاي ئالىپمەن ، بۇ مەكاننى نە قىلاي ؟!

زەررەئى نۇرى قۇياشتەك بۇ جەھان ئىچرە تەمام ،
ئاشكارا بولماسە سىررى نىھاننى نە قىلاي ؟!

بىر خۇدادىن ئۆزگەسى بارچە غەلەتتۇر ، مەشرەبا ،
گۇل ئەگەر بولسە قولۇمدا ، ئول تىكەننى نە قىلاي ؟!

※ ※

كۆكۈل ۋۇجۇدىنى بۇزغان ئۆزىگە نالە قىلاي ،
باشىمنى سەجدەگە قويۇپ خۇداغە نالە قىلاي .

ماڭا بۇ غەمنى سالىبان رەقىبنى شاد ئەتدىڭ ،
قولۇمغە خەنجەر ئالىپ بۇ يۈرەكنى پارە قىلاي .

سىنىڭ ئۇچۇن نە بەلا ، مىھنەتۇ ئەلەم كۆردۇم ،
رەقىب رىزاسىغە باقساڭكى ، مەن نە چارە قىلاي .

كەل ئەمدى ، مەشرەبى ئاشىق ، ئۆزىگە رازىئى قىل ،
تەرەھھۇم ئەتمەسە دىلبەركى ، كىمگە نالە قىلاي .

※ ※

ماڭا ئىرشاد بەرسەڭ ، ئادەمۇ ھەۋۋانى ھازىر قىل ،
غەرىبۇ خەستەئى نۇھى نەبىيۇللانى ھازىر قىل .

كىرىپ نەمرۇد ئوتىغە قىلدىلەر ئاتەشنى چۇن گۇلزار ،
ھەقىقەت يولىنى تاپقان خەلىلۇللانى ھازىر قىل .

تىنىنى رەخنە قىلدى گەرمى ماتەم كەيفىيەت ئىچرە ،
مەقامى سەبردە ئەييۇبدەك دانانى ھازىر قىل .



باشىغە ئەررە كەلدى ، زىكرى ھەقدىن بولمادى غافىل ،
خۇدانىڭ ئاشىقى ئول رۇھى زىكرىيانى ھازىر قىل .

مۇدام ئۇممەت ئۇچۇن چۇن دىيدە خۇن ئالۇدە ئىردىلەر ،
مۇھەممەد ـ ئەھمەد ئول رۇھى ھەبىبۇللانى ھازىر قىل .

ھەسەن بىرلە ھۇسەيىننىڭ رۇھىدىن دائىم مەدەد ئىزلەپ ،
مۇھەممەد كۆزىنىڭ ئاقى ئاشۇ زۇھرانى ھازىر قىل .

ئالارنى ھازىر ئەتكىل ، سوڭرە خەت بەرگىل بۇ مەشرەبگە ،
مەقامى نۇردىن ئىشائى ئەھلۇللانى ھازىر قىل .

※ ※

تەشنە كەلدىم سەندىن ئىزلەپ گەۋھەرى ئابى زۇلال ،
پىرى كاملىسەن ، ھەقىقەت بابىدە دەريايى ھال .

ئىككى ئالەم نەقدى ئالدىڭدا مۇيەسسەردۇر سىنىڭ ،
زىندەلەرنىڭ باشدۇر يولۇڭدا بولغان پايمال .

بەخت قارالار پادشاھىمەن ، دىلىمنى كاۋلاما ،
قەددى خەم بولغان جەفا كۆرگەن ئۆزۈم مانەندى ھال .

خاكسارى كويى ئىرفانىڭ بولۇپمەن ، رەھم قىل ،
چۇنكى دەريادىن جۇدا بولدى كۆكەرمەسدۇ نىھال .

ئىككى دۇنيادىن كۆزۈم يۇمدۇم سىنىڭ زەۋقىڭ بىلەن ،
ئەسلى ئۇمىدىم شول ئىرۇر ـ مەھشەردە كۆرگەيمەن جەمال .

نەۋ جەۋان ئۇمرۇم خەزان بولدى مۇھەببەت دەردىدىن ،
يەتمەدىم مەقسۇدىمە داغ ئەيلەدى ۋەقتى زەۋال .

خاتىرىمغە ھىممەتى ئەدھەمنى كەلتۈردۈم بۇ كۈن ،
كىم خۇدا تەرسىدۇر ئاڭا دەركار ئەمەس مالۇ مەنال .

ئاتەشى ئىشق ئالدىدا خەستۇر جەھەننەم ، غەم يېمە ،
يۈز خەتەردىن ئۆتكەزۇر ھەر بەندەنى قۇربى جەلال .

ئاستانىڭغە كىلىپمەن رۇھى نائۇمىد ئەمەس ،
يا ئەبۇلقاسىم ، مېنى ئۇممەت دېگىل ، دەستىمنى ئال .

نامە ئوك قولدىن ئىبەرگەي مەشرەبى شورىدەگە ،
ئەۋۋەلۇ ئاخىرنى قىلغان ۋەقتى مەھشەردە سۇئال .

※ ※

يەر ئۈزرە ئاچىلغان يوق دەھر ئىچرە سېنىڭدەك گۇل ،
ھەم ئابى ھەيات لەئلىڭ ، ھەم ھۇققە ئىچىندە مۇل .

بىر سەرۋ ئىرۇر بويۇڭ ، سەرۋ ئۈزرە ئەجەب ئويۇڭ ،
لەئلىڭنى خەيال ئەتتى گۇل شاخىدىكى بۇلبۇل .

شام ئەۋجىدە يۈزۈڭ ئوت ، ئوت ئۈزرە ئىچىڭدۇر دۇد ،
بۇي ئالدى جەھاننى بۇت ، بۇت ئۈزرە ساچىپ سۇنبۇل .

ئەختەرمۇ فەلەك ئۈزرە ، گەۋھەرمۇ تەبەق ئۈزرە ،
سەرگەشتە فەلەك ئۈزرە سەدقەڭگە يىغىپدۇر پۇل .

كۆڭلۈم ئىت ئىرۇر ئانداق ، كەتمەس ئىشىكىڭدىنكىم ،
زەنجىرى مۇھەببەتدىن بوينىغە سالىپسەن غول .

مەن قەترەئى سەن دەريا ، بەھرىڭدە فەنا بولسام ،
نې ئەيب مېنىڭ جۇزۋىم كۆرگەندە دېسە ئەل كۇ.



كۆك خاكى رەھىڭ ئولسۇن ، ئاي ـ كۈن سىپەھىڭ بولسۇن ،
ھەق شاھو گەدالارنى مېھرىڭگە قىلىپدۇر قۇل .

ئول بەرگى خەزان رەڭگى ، گۇل غۇنچىدە قان رەڭگى ،
ئاي ـ كۈندە سامان رەڭگى ـ ئىشقىڭ ستەمىدۇر شول .

تىگرەڭدە ھېسار ئولسۇن ، مەشرەبكى سېنى ئاسراپ ،
بەدخاھ رەقىبلەرنى كۆرسە ئوقۇبان تۆرت « قۇل » .

※ ※

كۆڭۈل دەردىنى بىر كۆڭلى بۇزۇلغان ياردىن سورغىل ،
بۇ ئىشق ئوتىغە كۆيگەننى دىلى ئەفگاردىن سورغىل .

سېنىڭ ھەجرىڭنى ، ئەي جانا ، نە تىل بىرلە بەيان ئەيلەي ،
كى ، ھەر شەب دىيدەدىن خۇنابە تۆك ، بىداردىن سورغىل .

بەناگاھ مېھرىبانىدىن جۇدا بولغان كىشىن ھالىن ،
سەھەر ئاھۇ فىغان ئەيلەپ ، مېنىڭدەك زاردىن سورغىل .

شەھىدى ئىشق بولغان ئاشىقى بىچارە ئەھۋالىن ،
ئوشۇل دەم مەنسۇرى مەستان ئاسىلغان داردىن سورغىل .

بۇ مەشرەب ، قان يۇتۇپ ھەردەم تۆكەر خۇنابەئى ھەسرەت ،
كى خۇبلار ئەجرىنى مەھشەر كۈنى سەتتاردىن سورغىل .

※ ※

مۇرادىڭغە يېتەي دېسەڭ ، قەلەندەر بول ، قەلەندەر بول ،
ستەم ئەھلىن يۇتاي دېسەڭ ، قەلەندەر بول ، قەلەندەر بول .

ئاغىزدىن دۇر چاچاي دېسەڭ ، شەرابى ئىشق ئىچەي دېسەڭ ،

يامانلاردىن قاچاي دېسەڭ ، قەلەندەر بول ، قەلەندەر بول .

فەساد ئەھلىن قوۋاي دېسەڭ كەينىگە بىر ئۇراي دېسەڭ ،
بۇ دەرگاھدىن سۈرەي دېسەڭ ، قەلەندەر بول ، قەلەندەر بول .

رىيازەتسىز بولاي دېسەڭ ، تېنىم ئازاد يۈرەي دېسەڭ ،
جەھاننى سەير ئېتەي دېسەڭ ، قەلەندەر بول ، قەلەندەر بول .

رىزالەت كۆيدۈرەي دېسەڭ ، زەلالەت ئۆلتۈرەي دېسەڭ ،
ھەمەسىن سوندۇراي دېسەڭ ، قەلەندەر بول ، قەلەندەر بول .

بۇ تەقۋادىن كېچەي دېسەڭ ، خانىقادىن قاچاي دېسەڭ ،
ھەقىقەتنى ئاچاي دېسەڭ ، قەلەندەر بول ، قەلەندەر بول .

گۆھەررىزلىق قىلاي دېسەڭ ، ھەمەنى كۈلدۈرەي دېسەڭ ،
چۇ مەشرەبدەك بولاي دېسەڭ ، قەلەندەر بول ، قەلەندەر بول .

※ ※

جەمالىڭ كۆرگەلى كەلدىم ، ئايا ئەي مېھرىبان ئانام ،
مېنىڭ ئۈچۈن ئادا بولغان يۈرەكۇ باغرى قان ئانام .

خوتەن دەشتىگە تۈشدۈم ، بۇ فەلەكنىڭ گەردىشى بىرلەن ،
ئىشتىكىن ئەرزى ھالىمنى ، مەن ئايتاي ساڭا جان ئانام .

ئەجايىب مېھرىبانىمسەن ، مېنىڭ ئارامى جانىمسەن ،
مۇرادى دۇ جەھانىمسەن ، بىھىشتى جاۋىدان ئانام .

مېنى بىر جادۇ كۆزلۈك بۇل جەھان ئىچرە خەراب ئەتتى ،
قەدى سەرۋۇ سەنەۋبەر ، قاشلارى مىسلى كەمان ئانام .

باشىمغە تۈشتى بۇل سەۋدا ، بولۇپمەن بۇلبۇلى شەيدا ،



شەبىستانى جەھاندا قۇمرىدەك شەككەرفشان ئانام .

بۇ ئىشق ئوتى خەراب ئەتتى ، يۈرەك باغرىم كەباب ئەتتى ،
مېنى خاكۇ تۇراب ئەتتى ، يۈزى ماھى تابان ئانام .

سېنى كۆپ ئىنتىزار ئەتتىم فىراق ئوتىغە ، ئەي كەئبەم ،
تەۋابى كەئبەئى مەقسۇدە كەلدىم دىلكەشان ئانام .

ئىلاھا ، ئەفۇ قىلغايسەن بۇ مەشرەبنىڭ گۇناھىنى ،
تىفەيلى ئانەئى زارىم ، غەرىبۇ ناتەۋان ئانام .

※ ※

ئىشق ئوتىغە ئۆرتەنىپ دىۋانە بولغان ئۆزگىنەم ،
كۆيە ـ كۆيە كۈل بولۇپ ، بىريانە بولغان ئۆزگىنەم .

ئاشىقى دىيدارىمەن ، ئەي يار ، بىلمەسسەن مەگەر ،
مەنسۇرى ھەللاجدەك دارغا ئاسىلغان ئۆزگىنەم .

كۆيە ـ كۆيە كۈل بولۇپ دۇنيادىن ئۆتكەن بارمىكىن ،
ئىشق يولىدا مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ بار تىرىلگەن ئۆزگىنەم .

چاك سىينەمنى قىلىپ ، مەھشەردە ئەيلەرمەن فىغان ،
ئول كۈنى دىيدار دەپ مەھشەرنى بۇزغان ئۆزگىنەم .

ئول سىراتۇل ـ مۇستەقىم ئالدىدا بارچە يىغلاشتۇر ،
ئىشقنى رەھبەر قىلىبان ئاندىن ئۆتكەن ئۆزگىنەم .

※ ※

سۈزۈك كۆزلۈك ، سارىق سەدبەرگ يۈزۈڭنى ، دىلرەبا كۆرسەم ،
يۈزۈڭدىن يۈز ئۆگۈرمەسمەن ، ئەگەر يۈزمىڭ بەلا كۆرسەم .

مېنى ئاشق ، سېنى مەئشۇق دەرلەر ئۇشبۇ ئالەمدە .
نەسىب بولمىش ماڭا دەۋلەت ، فىراقىڭ ئوتىدا كۆيسەم .

چۇنان ھەم كۆڭلى قاتتىقسەن ، بىرەر ھالىمنى سورماسسەن ،
جەمالىڭغە تويالماسمەن باشىڭدىن يۈزمىڭ ئۆرگۈلسەم .

نېچۈك بىدادلىق ئىش بولدىكى ، مەن سەندىن جۇدا بولدۇم ؟
جەفالارىنكى مەن تارتىپ نە مۇشكىلدۇر قاراپ قالسام .

سەدەبىسىز دۇر ، تىكەنسىز گۈل ، مۇشەققەتسىز ھۇنەر يوقتۇر ،
تاپارمەنمۇ ۋىسالىڭنى جەھاننى ئىستەبان يۈرسەم ؟

لەبىڭ لەئلۇ ، خەتىڭ خىزرۇ ، يۈزۈڭ مانەندى يۇسۇفدۇر ،
زىلەيخادەك كۆيۈپ ـ يانىپ بۇ ئىشق ئىچرە ئەدا بولسام .

ئاشۇ مەجنۇنى شەيدادەك بەيابانلار ئارا مەن ھەم ،
كويىڭدا دەم بەدەم يانىپ ، « قانى لەيلا » دەپ ئاھ ئۇرسام ،

كەل ، ئەي مەشرەب ، كۆزۈڭ يوللاردا قالدى تەلمۇرۇپ ، نەيلەي ،
قانى ئول خاكى پايىڭ كۆزلەرىمگە تۇتىيا قىلسام .

※ ※

قىيامەتدۇر ئەگەر ، جانانكى ، مەن سەندىن جۇدا بولسام ،
خۇش ئول دەۋلەت ئېرۇر ماڭا فىراقىڭدىن ئەدا بولسام ،

خەرابۇ بىناۋادۇرمەنكى ، ھەجرىڭدە ئەدادۇرمەن ،
كىمە ئايتىپ ، كىمە يىغلاي بۇ دەردى بىداۋا بولسام .

ئەسىرى ھەلقەئى زۇلفۇڭ ئىرۇرمەن تا ئۆزۈڭ بىلگىل ،
زىبانۇ سۇدىنى بىلمەي تەقى مەن غەمزەدا بولسام .



سېنىڭ ئىشقىڭنى دەردى ماڭا ھەر دەرماندىن ئارتۇقدۇ ر ،
تىلىم كۆيسۇن ، ئەگەر جانان ، تەلەبكارى دەۋا بولسام .

مۇھەببەت شەۋقىدە دوستلار ، يۈرەكىم تەھ بەتەھ قاندۇر ،
نېچۈك ئاھۇ نەۋا ئەيلەي ، ئەزەلدىن بىنەۋا بولسام .

يۈرەكۇ باغرىم ئۆرتەندى سېنىڭ دەردۇ پىراقىڭدىن ،
نېچۈك يۈز قايتۇرايىن مەن ئەزەلدىن ئاشنا بولسام .

چۇ قۇمرى سەرۋ ئۇچۇن يىغلاپ ، فىدا ئەيلەپ بۇجانىمنى ،
تەمامى خانۇ مانىمدىن كېچىپ مەن ماسىۋا بولسام .

ھەمە ئۇششاقى سادىقنى سېنىڭ ئىشقىڭ خەراب ئەيلەر ،
قەبۇل ئەيلە ، ئايا دىلبەر ، كويىڭدا بىر گەدا بولسام .

فەلەكنىڭ جەۋرىدىن ، دوستلار ، نىچۈك مەن شىكۋە ئەيلەرمەن ،
نېتەي ، نەيلەي ، يەرادەرلەركى ، مەن بەختى قارا بولسام .

نېگە دادىمغە يەتمەيسەن ، مېنىڭ ھالىمنى سورمايسەن ،
فىراقىڭدا ئەدا بولغان بۇ مەشرەب دادخاھ بولسام .

※ ※

كى مەن ئەۋۋارە ھىجران ئىلكىدىن فەريادلار قىلسام ،
بارىپ ھەق ئالدىدا دەستى فەلەكدىن دادلار قىلسام .

ئەگەركى دەردىمە يەتسە ، چاقىبان ئىشق چاقماقىن ،
فەلەكنىڭ ئۆيىگە ئوتلار قويۇپ ، بەربادلار قىلسام .

مېنى بىردەم خەلاس ئەت ، ئەي بەرادەر ، غۇسسەۋۇ غەمدىن ،
ئانىڭ يادى بىلە ھەردەم كۆڭۈلنى شادلار قىلسام .

مېنىڭ ھالىم ئەگەر ئىشق ئەھلى كۆرسە ، زار يىغلايدۇ ،
ئەگەر دەردۇ غەممدىن زەررەئى بۇنيادلار قىلسام .

ئاشۇ كىم غەرقى دەريائى مۇھەببەت بىرلە مەشرەبمەن ،
دىلۇ جانىم بىلەن ھەردەم ئەگەر فەريادلار قىلسام .

※ ※

بەتەقدىرى خۇدا بىرلە ئاشۇ يارىمنى مەن كۆرسەم ،
لەتافەت باغىدا پۈتكەن قىزىل نارىمنى مەن كۆرسەم .

يۈزىدىن نۇرلار تامغاي ئاشۇ خۇرشىدى تابانىنىڭ ،
تىلەرمەن ئۈشبۇ ئالەمدە ۋەپادارىمنى مەن كۆرسەم .

جەمالى ئايدەك تولغان ، مېنى دىۋانەلەر قىلغان ،
كى ئول ئەقلۇ ھوشۇم ئالغانكى دىلدارىمنى مەن كۆرسەم .

كى قايغۇ باشقا سالدۇرغان ، كۆڭۈلنى غەمگە تولدۇرغان ،
كى نازى بىرلە ئۆلتۈرگەن ، كى ئەييارىمنى مەن كۆرسەم .

كى مەشرەب ئايتۇر : « ئەي ياران ، كۆزۈم يوللاردىدۇر گىريان ،
بۇزۇق كۆڭلۈمنى بىر سورغان خەرىدارىمنى مەن كۆرسەم . »

※ ※

مېنى دىۋانە قىلدى ئول پەرى رەفتار قامەت ھەم ،
بۇ كۈن كەلمەم ئۆزۈمگە بەلكى پەردائى قىيامەت ھەم .

مېنىڭ ھالى تەباھىمنى مۇھەببەت ئەھلى كۆرگەندە ،
پۇشەيمانلار قىلىپ ئىشقدىن يەنە ئەيلەر نەدامەت ھەم .

مېنى غەم بىرلە ئۆلتۈردۈڭ فىراقىڭ ئوتىغە تاشلاپ ،



نې بولغاي ئەمدى مەن ئۆلسەم چۇ سەن بولغىل سەلامەت ھەم .

ئايا دىلبەر ، رەقىبىم ئول ھەرەمگە ئەيلەمە مەھرەم ،
مېنىڭ ھالىمغە رەھم ئەيلەپ ، كەرەم قىلغىل كەرامەت ھەم .

كى سورماس ، مەشرەبا ، ھېچكىم سېنى ئارىي ئەجەپ ئەرمەس ،
يۈزۈمنى باستى بارى مىھنەتۇ گەردى مەلامەت ھەم .

※ ※

ئانقەدەر نۇرغا تولۇپمەن ئاسمانغە سىغمادىم ،
تاقى ئەرشۇ كۆرسىيۇ لەۋھۇ جەھانغا سىغمادىم .

كىمگە سايەم تۈشسە بىر نۇرى يەقىندىن بولدى ھەم ،
دەفتەرى رۇھى قۇدۇسدۇرمەن ، زەبانغە سىغمادىم .

جەننەتۇ كەۋسەرمەنەم ، ھەم دەۋزەخۇ سەقەرمەنەم ،
بىر ئۆزۈمدۇرمەن بۇدەم ، ھەفت ئاسمانغە سىغمادىم .

سايەئى ئادەمگە كەلدىم ، نۇرى مەئنى ئىزلەدىم ،
جەننەتۇل فىردەۋسدەك ئالى مەكانغا سىغمادىم .

بار ئىدىم نۇھ ۋەقتىدە ، غەرق ئەتمەدى تۇفانى ھەم ،
ھەمرەھى مۇسا بولۇپ تۇرى سىنانغە سىغمادىم .

ئانچە يىل ئىيسا بىلەن يۈردۇم ئۆلۈكنى تىرگۈزۈپ ،
بائىسى بىر نۇقتەدىن ، مەشرەب ، زەمانغە سىغمادىم .

※ ※

بۇ ئالەمدە ئۆزۈمدەك سىينەسى ئەفگار تاپمادىم ،
كى زارىم ئايتقالى بىرمەھرەمى ئەسرار تاپمادىم .

فىراق دەشتىدە تەشنا يۈرۈپ زارۇ سەرگەردان ،
لەبىڭ زىلالىدىن بىر پەيمانەئى سەرشار تاپمادىم .

كى ئىشق غەمىڭ مېنى ئاخىر يۈرەكىم ئەيلەدى سەدچاك ،
ۋىسال زەۋقىنى بىر لەھزەئى بىر بار تاپمادىم .

تەمامى رازى دىلىم دېمەككە ئىزلەدىم مەھرەم ،
بۇ دەشتى خوتەن كېزىبان بىر دىلى ھۇشيار تاپمادىم .

باياباں بۇلبۇلىدەك ، مەشرەبا ، ھېچ يوقتۇر ئارامىم ،
قوناي دېسەم چەمەندە بىر گۇلى بىخار تاپمادىم .

※ ※

ناگاھ كۆرۈبان مەھۋى جەمالىڭ بولا قالدىم ،
ئايدەك يۈزۈڭە باقدىمۇ قۇربان ئولا قالدىم .

ئوتتەك تۇتاشىپ كۆيدى يۈرەكىم بىلە جانىم ،
پەرۋانەدەك ئوتقە ئۆزۈمنى ئۇرا قالدىم .

يۈز ناز ئىلە چىقدى سەنەمىم مەيكەدەسىدىن ،
بىر غەمزەسىگە دىن ئىلە ئىمان بېرا قالدىم .

كۆردۈمكى ئەجەب ئىشۋەگەرۇ دىلبەرى تەنناز ،
دىۋانە بولۇپ ئىشقىدە ئوتتەك يانا قالدىم .

دىلدار جەمالىنى كۆرۈپ ، ئىشقى يولىندا ،
گۇلگۈن يانىبان مەھۋى تەماشا بولا قالدىم .

ھاجەت ئەمەس ئول كەئبەۋۇ بۇتخانەغە بارماق ،
مەن گەۋھەرى مەقسۇد ئالاي دەپ يانا قالدىم .



مەشرەب باشىغە تۇشتى ئاشۇ كۈن غەمى دىلدار ،
شەيداسى بولۇپ جۇملە ھەۋەسدىن قالا قالدىم .

※ ※

مەن ئېردىم بۇلبۇلى گويا فىغان بىرلە چەمەن كەلدىم ،
يۈرەكدە دەرد كۆپدۇر ، گۇلزارى ياسۇمەن كەلدىم .

مېنىڭ ئاشۇفتە كۆڭلۈم غۇنچەدەك ھەرگىز ئاچىلمايدۇر .
يۈرەكدىن غەم كېتەر دەپ ، بۇ سەبەبدىن مەن خوتەن كەلدىم .

يۈرەكدىن ئاھ تارتار بارچە تالىبلار ھەم ئەرماندا ،
مۇيەسسەر بولمادى مەقسۇد ، يەنە قايتىپ ۋەتەن كەلدىم .

بۇ مەشرەب سۆزىنى دۇردانەئى قىيمەتبەھا دەرلەر ،
جەمئى خەلق ئارا سۆز بابىدا ساھىب سۇخەن كەلدىم .

※ ※

ئەي سەنەم ، ئىشقىڭ ئوتىدا مەن تەمام يانماق ئىدىم ،
مىسلى پەرۋانە باشىڭدىن يۈز گەز ئايلانماق ئىدىم .

بۇ مۇھەببەت دەشتىدە بىر نەچچە يۈردۈم ئايۇ كۈن ،
يۈگۈرۈك تازىڭ بىلە يىلقىڭنى قايتارماق ئىدىم .

ئايتىبان ھەمدۇ سەنا قەددىمنى ئەتمىشمەن قىيام ،
نەچچە يىل لەيلۇ نەھار ۋەسفىڭنى مەن ئايتماق ئىدىم .

دەھر باغىدا سېنىڭ ئاۋازەئى ھۇسنۇڭ ئۇچۈن ،
مىسلى ئىسكەندەر ئالىپ ، تەبلىڭنى مەن قاقماق ئىدىم .

مەشرەبا ، ئۇمرۇڭ خوتەن دەشتىدە ئۆتتى قان يۇتۇپ ،

يۇنۇس ئۇل بەتنى سەمەك ئۇلغاندا مەن قارماق ئىدىم .

※ ※

جانان يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم ،
شەككەر لەبىڭنى سورغالى كەلدىم .

ئوتدەك تۇتاشىپ ياندى يۈرەكىم ،
كۆيە ــ كۆيە كۈل بولغالى كەلدىم .

ئەي ماھى تابان زۈلفى پەرىشان ،
ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم .

شەمئى جەمالىڭ پەرۋانە قىلدى ،
ئوتقە ئۆزۈمنى ئۇرغالى كەلدىم .

مەن سارى باقغىل ئەي گۈل ئۈزارىم ،
رازى دىلىمنى ئاچقالى كەلدىم .

※ ※

تەۋافى ئاستانەڭگە غەرىبۇ ناتەۋان كەلدىم ،
ئۈمىد ئەيلەپ مەدەدسەندىن ، بۇ چەشمى خۇن پىشان كەلدىم .

تەلەب ئەيلەپ ۋىسالىڭنى ، كۆرەرمەن دەپ جەمالىڭنى ،
بولۇپ بۇلبۇلى نالانى ، قىلىپ ئاھۇ فىغان كەلدىم .

قەلەم يازغان ئىكەن ماڭا بۇنى : « نەھنۇ قەسەمنا » دە ،
مۇھەببەت تىغى ئەندازى بىلە چۇن باغرى قان كەلدىم .

يۈرۈپتۇر دەر بەدەر يىغلاپ ، بولۇپ لەب تەشنە بۇ مەشرەب ،
شەرابى مەئرەفەت ئىزلەپ ، چۇ لالە غۇنچە قان كەلدىم .



※ ※

سىنىڭ ۋەسلىڭنى ، ئەي جانان ، مەنى ئەفگار ساغىندىم ،
شەبى ھىجراندا قالدىم ، پەرتەۋى دىيدار ساغىندىم .

خەزان تاراج ئەيلەپ باغرىمى پامالى غەم قىلدى ،
بەھار بوستانىدەك دىلبەر ، گۈلى رۇخسارى ساغىندىم .

ئۆلەر ھالەتدەمەن ، باشىم سارى قىلغىل قەدەم رەنجە ،
كى دىيدارىڭ قىيامەت قالماسۇن ، زىنھار ساغىندىم .

كېچەلەر ئۇيقۇ يوق ، كۈندۈز خەيالاتىڭ بىلەن ئۆتتى ،
بۇ قەلبى باتىنۇ زاھىردا ھەم بىدار ساغىندىم .

كېچەلەر يوق ئىدى سەندىن جۇدالىق ، لېك نەيلەر مەن ،
مۇقەددەر ئىلكىدىن بولدى بۇ ئىش ، ناچار ساغىندىم .

شەجەرلەر خامە ، دەريالار سىياھۇ يەرۇ كۆك سەفھە ،
رەقەم قىلسام ئەدا بولماس غەمىڭ ، بىسيار ساغىندىم .

قۇلۇڭ مەشرەبنى ، جانان ، شەفقەت ئىلە بىر ، سوراپ كەلگىل ،
كى سەن مۇرشىدى كامىل ، مەھرەمى ئەسرار ساغىندىم .

※ ※

بەرادەرلەر ، مەن ئۇشبۇ كېچە مەجنۇندىن نەزەر تاپدىم ،
تاڭ ئاتغۇنچە رىيازەت بىرلە ئاللەمدىن خەبەر تاپدىم .

ئاشۇ مەھۋەشنى ياد ئەيلەپ ، غەمۇ قايغۇ زىياد ئەيلەپ ،
نە ئەقلىمدىن نىشان كۆردۈم ، نە ھۇشۇمدىن ئەسەر تاپدىم .

مېنىڭدەك تەلخ كامۇ بىنەسىب دۇنيادا ئۆتكەن يوق ،

شەكەر ئاغزىمغە سالدىم ، زەھرى قاتىلدىن بەتەر تاپدىم .

بۇ دەھرى بىۋەفاغە ھېچ كۆڭۈل بەرمەڭ ، ئايا دوستلار .
كى مەن فانىي جەھاننى مىسلى ئەبرى دەرگۇزەر تاپدىم .

نەدامەت ئەشكى تۇفانى باشىمدىن چۇن ئۆتۈپ كەتتى ،
بېلىق قارنىدىكى يۇنۇس كەبى بەھر ئىچرە بەر تاپدىم .

نىگارىمدىن ۋەفا نە دوستلاردىن دەفئى غەم كۆردۈم ،
كى ھەركىمدىن ئۇمىدى مەنفەئەت قىلدىم ، زەرەر تاپدىم .

ۋۇجۇدى ئۇشبۇ ئالەم بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن ئارتۇق يوق ،
چەراكى دۇنيادا بىر شەمس كۆردۈم ، بىر قەمەر تاپدىم .

نېتەي ، مەشرەب ، بۇ يولدا ماڭا ھېچ كىم بولمادى رەھبەر ،
ئاداشتىم ، يول يىتتۈردۈم ، نە پەيامۇ نە خەبەر تاپتىم .

※ ※

دۇنيا سارىغە بىر كېلىبان غەمزەدە كەتدىم ،
بىر لەھزە دەم ئالماي تۇرۇبان لەھزەدە كەتدىم .

بىر مۇشفىقى ھەمراز جەھان ئىچرە تاپالماي ،
ھەسرەت ئوتىدىن كۆيدۈمۇ ماتەمزەرە كەتدىم .

سۇرتمەي بۇ قارا يۈزنى بارىپ رەۋزەلەرىغە ،
ئەرماندا يۈرۈپ لېك بۇزۇق كۆلبەدە كەتدىم .

ھەرجان كېلىدۇ ، كەتكۇسىدۇر بىلسەم ئانى ھەم ،
كەتمەسچە يۈرۈبان يەنە غۇربەتزەدە كەتدىم .

ھارىس بولۇبان دۇنيادا يۈردى نەچە گۇمراھ ،



ئۇريان كېلىبان مۇندا . يەنە ئەربەدە كەتدىم .

غافىل كىشىلەر كېچەيۇ كۈندۈز تىلىگەي مال ،
دۇنيا ئىلە دىننى ساتىبان غەمزەدە كەتتىم .

تا يارنى خەيال ئەيلەدى مەشرەب كۆزىن ئاچدى ،
يۈز دەردۇ ئەلەم بىرلەكى مېھنەتزەدە كەتدىم .

※ ※

كەتتى قەرارۇ سەبرۇ ھۇش ، قالمادى تەندە تاقەتىم ،
تۈن ـ كۈن ئىلە زىيادەدۇر مېھنەتۇ دەردۇ ئافەتىم .

ئاھ ئۇرۇبان قايان كېتەي ، تاغۇ تاشە باشىم ئۇراي ،
باشىمغە مىڭ بەلاۋۇ غەم كۈندە تۇرۇر ئەلامەتىم .

زەررەچە قالمادى بۇرەك قويدىيۇ بولدى ھەم ئەدا ،
كۆزدەكى ياشۇ رەڭى زەرد ـ ئۇشبۇ ئېرۇر ھەلاۋەتىم .

ھاجىبۇ مۇفتىنى يىغىپ ، ئامىيۇ شەيخۇ ھەم مۇرىد ،
بارچەسىدىن يۈز ئۆگۈرۈپ ، ئىشقى ئېرۇر مەلامەتىم .

بارچەغە مالۇ جاھنى ، نىئمەتۇ مۇلكۇ جايىنى ،
ماڭا بىرىبدۇر ئاھنى ، ئۇشبۇ تۇرۇر سەلافەتىم .

ئىشقى ئەمەس بەلا ئىكەن ، مېھنەتۇ دەردۇ ئاھ ئىكەن ،
مەشرەبى بىنەۋا ئىكەن ، كۈن ـ كۈندىن ئارتۇر ئافەتىم .

※ ※

تا ئالەمى زاھىرغە كېلىپ مەن گوزەر ئەتتىم ،
تەرك ئەيلەدىمۇ جۇملەنى قەتئى نەزەر ئەتتىم .

ئەھۋالى دىلىم ئايىتقالى بىر مەھرەمى تاپماي ،
زۇلمىڭنى قارىنداشۇ غەمىڭنى پەدەر ئەتتىم .

بىر قۇشكى چۇلاق سەن سارى پەرۋاز ئېتەيىن دەپ ،
ھەجر ئوقلارىنى جانغە سوقۇپ بالۇ پەر ئەتتىم .

دۇشمەنگە چۇ ھەرب ئەتمەك ئۈچۈن چارە تاپالماي ،
دوستۇم قولىنى تۇتتۇمۇ تىغۇ تەبەر ئەتتىم .

غەم شامىدا قەلبىمگە گۇزەر ئەتتى خەيالىڭ ،
كۆز ياش ، يۈرەك قانى بىلەن ماھەزەر ئەتتىم .

سەۋدائى سەرى زۇلفۇڭ ئۈچۈن نەچچە مەھەلدۇر ،
جان كىشۋەرىنى بوزدىمۇ زىرۇ زەبەر ئەتتىم .

بىر مەرتەبەدە تۇرماس ئىمىش شاھ ئىلە دەرۋىش ،
بەس ، جەندەنى كىيدىم ئۆزۈم دەر بەدەر ئەتتىم .

كوتەھ نەزەر ئەل بىلمەسە دەپ خەستە بۇ مەشرەب ،
مىڭ مەئنىنى بىر نۇكتە بىلە مۇختەسەر ئەتتىم .

※ ※

ئوشۇل روزىكى مەن سەندىن جۇدالىق بىرلە زار ئەتتىم ،
چىقىپ سەھراغە مەجنۇنلۇق شىئارىن ئاشكار ئەتتىم .

قارا قىلسا فەلەك بەختىم بىلە بۇل روزگارىمنى ،
سىنىڭ دەردۇ غەمىڭ سىينەم ئىچىندە ئىئتىبار ئەتتىم .

مەنى ئەفتادەۋۇ بىدىل ، غەرىبى داغى ھىجرانمەن ،
ئۆزۈمگە ئافەرىن دەرمەن ، سىنى كۆرمەي قەرار ئەتتىم .



مېنىڭ ، جانا ، غەمىڭدىن ئۆزگە ھېچكىم مۇنىسىم يوقتۇر ،
كىم ئەيلەر ئىلتىفاتى ، مەن دىيارىڭغە گۇزەر ئەتتىم .

ئويۇلسۇن كۆز جەمالىڭدىن دىگەر يۈزگە نىگاھ ئەتسە ،
كۆيۈپ قالسۇن يۈرەك ـ باغرىمكى ، سەندىن ئۆزگە يار ئەتتىم .

جەمالىڭ ساغىنىپ كۆزلەردە زەررە نۇر قالغان يوق ،
ئەجەب يوق ، زار قالغان كىرپىكىمنى ئەشكبار ئەتتىم .

ئېرۇرمەن ئاشىقىڭ ، خەلقى جەھان دەرلەر مېنى مەشرەب ،
نېچۇنكى ، مەنزىلىمنى سايەئى پەرۋەردىگار ئەتتىم .

※ ※

شاھى جەھانىم ئىشقىڭدا ئۆلدۈم ،
ئارامى جانىم ، ئىشقىڭدا ئۆلدۈم .

كىمدىن ئۆرگەندىڭ مۇنچە جەفانى ،
ئەي نۇكتەدانىم ، ئىشقىڭدا ئۆلدۈم .

تا قابە قەۋسەين شەرھى قاشىڭدۇر ،
ئەبرۇ كەمانىم ، ئىشقىڭدا ئۆلدۈم .

قەقنۇسغە ئوخشاپ ، نالە قىلۇرمەن ،
ئۆرتەندى جانىم ، ئىشقىڭدا ئۆلدۈم .

بىر رەھم قىلغىل ، ھالىمنى سورغىل ،
نامېھرىبانىم ، ئىشقىڭدا ئۆلدۈم .

يارىم ، ساڭا مەن چاكار بولايىن ،
ساھىبقىرانىم ، ئىشقىڭدا ئۆلدۈم .

مەشرەبكە بىر باق ، جان لەۋگە يەتتى ،
روھى رەۋانىم ، ئىشقىڭدا ئۆلدۇم .

※ ※

نىگارىم گۇل ئۇزارىڭنى كۆرەلمەي مۇبتەلا بولدۇم ،
شەرابى لەئلىڭ ئىچتىم ، سەن سەنەمگە ئاشنا بولدۇم .

تەرەھھۇم قىل ، ئايا دىلبەر ، قۇلۇڭغا كۆپ جەفا قىلما ،
ئۆزۈڭگە ئاشنا قىلدىڭ ، غەرىبۇ بىنەۋا بولدۇم .

يۈزۈڭ گۇلدۇر ، مۇجاۋىر كۆزلەرىڭ مەستانەدۇر جانان ،
يۈرەكىم پارەلەر بولدى ، شەھىدى كەربەلا بولدۇم .

تەلەب بازارىغە كىردىم ، تەبىبى ئىشقدىن سوردۇم ،
كى دەردىمگە دەۋا تاپماي ، بۇ دەردى بىدەۋا بولدۇم .

ئايا دىلبەر ، كېلىپ ئەيلە بۇ مەشرەب سۆزىنى تەدقىق ،
يولۇڭغە جان فىدا قىلدىمكى ، ئىشققە مۇقتەدا بولدۇم .

※ ※

ئۇشۇل كۇن ساڭا ، ئەي شوخى ستەمگەر ، ئاشنا بولدۇم ،
دەۋاسىز دەردى بىدەرمانغە ئاخىر مۇبتەلا بولدۇم .

بۇ بازارى مۇھەببەت گەۋھەرى قىيمەت بەھا ئېردىم ،
رەقىبلەر ئالدىدا مىسلى سەدەفدەك كەم بەھا بولدۇم .

قەلەندەرۋار ھەجرىڭدە نەۋاۋۇ نالەلەر قىلدىم ،
سېنىڭ دەردۇ غەمىڭدىن ، ئەي پەرى پەيكەر ، ئەدا بولدۇم .

ئۇشۇل كۇن ساڭا پەيمان باغلادىم ، ئەي شوخى بىپەرۋا ،



تەمامى ھەم نىشىنۇ ئاشنالاردىن جۇدا بولدۇم .

مۇھەببەت ئوتى كۆيدۈردى ، يۈرەك ـ باغرىمنى ، ئەي مەشرەب ،
كۆيۈپ كۇل بولدى جىسمىم ، نىست بولدۇم ، زىرى پا بولدۇم .

※ ※

ئايا دىلبەر ، سېنى كۆردۇم ، بەسى مەن مۇبتەلا بولدۇم ،
سېنىڭ كويۇڭدا ، ئەي بەرنا ، گىرىفتارى بەلا بولدۇم .

خەدەنگى ناۋەكى مۇژگانلارىڭ ھەردەم تېگىپ ئۆتتى ،
قىزىل قانىمغە بۇلغانىپ ، شەھىدى كەربەلا بولدۇم .

ھەياتىم ئارەزىڭگە سەرف قىلدىم ، بىلمەدىڭ ، ئەمما ،
سېنى دەپ مەن ھەمىشە دىنۇ دۇنيادىن سىۋا بولدۇم .

مېنىڭدەك ئاشىقۇ دىلخەستەئى ھېچ بولماسۇن ، يا رەب ،
نېچۇك كۆڭۈل ئۈزەي سەندىن ، ئەزەلدىن ئاشنا بولدۇم .

نىسارى مەقدەمىڭگە كويىڭدا باشىم فىدا قىلدىم ،
كى تىغى خەنجەرىڭ تەگدىيۇ جانىمدىن جۇدا بولدۇم .

يۈرۈرمەن جۇستۇ جۇ ئەيلەپ كېچە ـ كۈندۈز فىراقىڭدا ،
ۋىسالىڭدىن خەبەر تاپماي ئىشىكلەردە گەدا بولدۇم .

بۇ مەشرەبكە تەرەھھۇم ئەيلەگىل ، ئەي دىلبەرى زىبا ،
فىراقىڭدا ئەزىيەتلەر كۆرۈپ ، بەس ، بىنەۋا بولدۇم .

※ ※

بەزمى شامىڭدىن زەمانە ئىچرە بىر گىريان ئۆزۈم ،
دائىما پەرۋانەدەك شام ئۇتىغە سوزان ئۆزۈم .

كەھرەبا ئەرمش جەھان دەۋرىدە ئەپغان ئەيلەدىلك ،
چۇن فەلاخۇن دائىما سەرگەشتەئى دەۋران ئۆزۈم .

شاھلىق بىرلە گەدالىق ، بىل ، بارابەردۇر ماڭا ،
گاھى ھەجرىڭدە گەدا ، ۋەسلىڭدە گاھ سۇلتان ئۆزۈم .

چىن ئارا كۆرگەچ خەدەڭگى ناۋەكى قاش ياسىنى ،
سىينە چاك بولغان شەھىدى تىرى بىپەيكان ئۆزۈم .

دەرگەھى ۋەسلىڭ تىلەپ ، ئەيب ئەتمە ئەفغان ئەيلەسەم ،
مەشرەبى سەرگەشتەئى غەمدىيدەئى ھىجران ئۆزۈم .

※ ※

ھەجرۇ فىراقىڭ ئوتىدا ئاشىقى بىقەرار ئۆزۈم ،
ئاي يۈزلۈك ئىشتىياقىدا ئاشىقى خاكسار ئۆزۈم .

خالو خەتىڭنى كۆرمەسەم ، يوقدۇر قەرارىم ، ئەي سەنەم ،
ئىشقىڭ ئوتىغە مەن كۆيۈپ سۇختەئى دىل فىكار ئۆزۈم .

ئىيسا چىقىپ ھەۋا ئۈزە كۆرمەدى مەئشۇق يۈزىنى ،
ئىككى جەھان ئىچىندە بىل ، ساڭا گىرىپتار ئۆزۈم .

يۈزۈڭنى كۆرمەسەم ئەگەر ، بولماغاي ئېردىم ئىنتىزار ،
رەھم ئەيلەگىل بۇ ھالىمە ، ئاشىقى بىقارار ئۆزۈم .

كۆيدى يۈرەكىم ئۆرتەنىپ ، جەبرۇ سىتەملەرىڭ بىلەن ،
ئاھىمە جاۋىدان كۆيەر ، ئاتەشى تابدار ئۆزۈم .

كۆكسۈمگە خەنجەرىڭ تېگىپ ، ئاھ ئىلە ئەرشنى كۆيدۈرۈپ ،
قانىمە جىسمۇ جان بوياپ ، گۈلشەنى لالەزار ئۆزۈم .



چىنۇ نەمەنگان ئىچىدە يۈردى رەھىمبابا سوراپ ،
تاپمادى بىر ھادىئىنى تالىبى راھ ـ بەرار ئۆزۈم .

پىنھان زىلەيخا دائىما يۇسۇفكە ئىنتىزار ئىدى .
ئىككى جەھاندا يارىنى ئىزلەگەن ئاشكار ئۆزۈم .

ھەر نەفەسكى مەندە بار بولدى مەدەت ئافاق خوجەم ،
بولماسا بىر قۇرۇق ياغاچ ، دەشتىدە كوھسار ئۆزۈم .

قوددىسە سىررىھۇ خاجەم ئاتىمنى « مەشرەب » دېدىلەر ،
كاشغەرۇ ياركەند ئىچرە ، بىل ، ساھىبى گۇفتار ئۆزۈم .

※ ※

ئاڭلا بۇ سۆزنى ، ئەي سەنەم ، ئاشىقى مۇددەئا ئۆزۈم ،
ئەسلى دىلىدا دەردى كۆپ ، دۇنيادا بىدەۋا ئۆزۈم .

ئەلنى سەزايى قىلماغىل ، يالغۇز ئۆزۈمنى ئەيلەگىل ،
يۈردۈمۇ كۆردۈم ھەممەنى ، دۇنيادا پۈر گۇناھ ئۆزۈم .

دۇنياغا بارچە مەخلۇقىڭ بىر كېلىبان بىر كېتەدۇر ،
كۈندە مىنى مىڭ ئۆلتۈرۈر پۈر شۇرۇ پۈر جەفا ئۆزۈم .
زاھىد ئېلىگە فاسىقۇ ، گۇمراھۇ ، ئاسىي ، پۈر گۇناھ ،

ھەقىڭ قاشىدا مەرتەبەم ئۆممەتى مۇستەفا ئۆزۈم .

ئاشىق ئېرۇرسەن ، ئەي رەفىق ، قورقماكى جانىڭ ۋەھمىدىن ،
قىلسا مەدەد ئۆزى ۋەلي ، دەردىمگە ھەم شىفا ئۆزۈم .

قەترەئى مەي تا تاتساڭ ، ئال بۇ جانىمنى ، ئەي سەنەم ،
سەنسىز بۇ دۇنيا ئىچىدە ئۆلۈشمە رازى ئۆزۈم .

پەردە كۆتۈرگىل ، ئەي سەنەم ، رازى دىلىمنى ئايتايىن ،
بارچە ئاشىقلار ئالدىدا ئەۋۋەلى دادخاھ ئۆزۈم .

ياستانىپ ئىشكىنى پىرىم ، سالدى بازارى كويىغە ،
سورامادىڭ بۇ نە فەقىر ، مەشرەبى خاكى پا ئۆزۈم .

※ ※

بىردەمى مەن پارىغى ئەندىشەئى غەم بولمادىم ،
لەھزەئى رۇھانىلار قەۋمىغە ھەمدەم بولمادىم .

ئايتىڭ ـ ئايتىڭ بەندەئى خالىق ئۆزى بەندەم دېسۇن ،
تا ئۆزى بەندەم دېمەي ھەرگىز مۇكەررەم بولمادىم .

بىر خەسى چۇننى كۆرۈڭ ھەق زىكرىنى بىسيار دەر ،
مەن نېچۈك جاھىلدۇمەن خەسدىن مۇقەددەم بولمادىم .

بىخەبەرلىكدە ئۆمۈر چۇن زايىئ ئۆتتى ، مەشرەبا ،
ۋادەرىغا ، ئۇمرۇم ئۆتتى ، دىيدە پۇرنەم بولمادىم .

※ ※

دۇنياغا كېلىپ رەنجۇ بەلانى كۆرۈپ ئۆتتۈم ،
يۈزلەرچە بەلا شىددەتىدىن ئۆرگىلىپ ئۆتتۈم .

دۇنياغا كۆڭۈل بەرسە كىشى بولغۇسى رەسۋا ،
بۇ فانى جەھان مۈلكىگە شەتتا ئۇرۇپ ئۆتتۈم .

بىلدىم مەن ئانىڭ دۇشمەنى مەككار ئىكەنىنى ،
مەردانە بولۇپ بەلگە ئېتەك قىستۇرۇپ ئۆتتۈم .

جان ئالغۇچى ئەزرائىل ئەمەس ، ئول ئۆزى بىلگىل ،



نېۋچۇنكى ئانىڭ بىلە مەن ئۇلفەت بولۇپ ئۆتتۈم .

مەشرەب سېنى دەپ ئۇشبۇ جەھاندىن كۆڭۈل ئۈزدى ،
دىۋانە بولۇپ ئاندىن ئىشىكىم سورۇپ ئۆتتۈم .

※ ※

قەلەندەر مەشرەبىڭمەن ، ئىككى ئالەمنى تاپىپ ئۆتتۈم ،
بىھىشتۇ ھۆرى غىلمانىڭ پۇچەك پۇلغە ساتىپ ئۆتتۈم .

نە ئەيلەي ئابى كەۋسەرنى نىگارىم بولماسە ساقى ،
خەرابات ئىچرە باردىم قەترە مەي ئاندىن تاتىپ ئۆتتۈم .

ئايا ، دەۋزەخ مېنى كۆيدۈر ، خەلايىق كۆيمەسۇن ھەرگىز ،
تامۇغدىن ئىشق ئوتى پۇر زور ، ئانىڭ زەھرىن يۇتۇپ ئۆتتۈم .

كى جان ئالغۇچىنى كۆردۇم ، دېدىم : « ئالغىل بۇ جانىمنى ».
ئەجەل قاچتى ، ئۇرۇپ ـ قوغلاپ مەن ئانى قورقۇتۇپ ئۆتتۈم .

سالىپ بازارى ئىشقىڭغە مەتائى جىسمۇ جانىمنى ،
خەرىدار سورمادى ھەرگىز ، بۇ جانىمدىن كېچىپ ئۆتتۈم .

ۋىسال ئەييامى بولغاندا ، كۆزۈڭ بەختى سىياھىمنى ،
باشىمغە كەلسە يارىم ، مەن يانىپ ئۇخلاپ ، بۇكۇپ ئۆتتۈم .

كۆيۈپ ئوتقە مەنى دىۋانە مەشرەبنى سورار بولساڭ ،
نە يەردە ئەھلى دەرد تاپدىم ، كۆزۈم ياشىن سېپىپ ئۆتتۈم .

※ ※

نە ھالەتدۇر ، ئايا دوستلار ، ئەجەب ھەيرانە مەشرەبمەن ،
كۆرەلمەي گۇل ئۇزارىمنى بەسى گىريانە مەشرەبمەن .

قەلەندەرۋار يىغلارمەن ئىشىكلەردە فىغان ئەيلەپ ،
خەلايىققە بۇ ئالەمدە بەسى ئەفسانە مەشرەبمەن .

نەزاكەتلىك نىگارىمدىن ئاشۇ سائەت جۇدا بولدۇم ،
كۆيۈپ ھىجران ئوتىدا دائىما سوزانە مەشرەبمەن .

مەن ئاگا دەردى زار ئايتىپ ، ئىشتىپ يىغلايىن ، دەرمەن ،
كۆرەي دەپ ئول ۋەفادارىم يۈرۈپ جۇيانە مەشرەبمەن .

فەلەكنىڭ جەبرى كۆكسۇمدە ، ئەلەم ئۇزرە ئەلەملەردۇر ،
تەرەھھۇم ئەيلەبان كۆرگىل ، جاراھەتخانە مەشرەبمەن .

مېنىڭ كۆڭلۈم قىزىل گۈل غۇنچەسىدەك تەھ بەتەھ قاندۇر ،
ئاچىلماستىن خەزان بولغان چۇ ماتەمخانە مەشرەبمەن .

ۋىسالىڭنى تىلەپ ، مەشرەب يېتىبدۇر ھەلقۇمە جانىم ،
كېچە ـ كۈندۈز قەرارىم يوق ، ئەجەب سەرسانە مەشرەبمەن .

※ ※

سەنەمنىڭ شەۋقىدە تىنماي يۈرۈپ ئەۋۋارە مەشرەبمەن ،
كۆزى ياشلىق ، قەدى خەملىق ، دىلى سەد پارە مەشرەبمەن .

كۆڭۈلدە زەررەچە دۇنيانى مېھرى بولمايىن مەندە ،
سېنى دەپ ئىككى ئالەمدىن كېچىپ بىزارى مەشرەبمەن .

ئۆلۈپ كەتسەم ، لەھەد ئىچرە سۆڭەكدىن كەتمەگەي دەردىڭ ،
جەھاندا تاپمادىم چارەكى ، مەن بىچارە مەشرەبمەن .

ئانادىن قاي كۈنى بولدۇم ، سېنىڭ ئىشقىڭدا ئاھ ئۇردۇم ،
مۇھەببەت دەشتىدە يۈرگەن بولۇپ ئەۋۋارە مەشرەبمەن .



مۇھەببەت جامىدىن مەي تۇتتى ، ئىچمەسلىككە چارەم يوق ،
كۆزۈمدىن قان ـ ياشىم تىنماي ئاقار ، خۇنبارە مەشرەبمەن .

باشىمغە مىڭ بەلا كەلسە ، تىلەرمەن ۋەسلىن ، ئەي زاھىد ،
تىلىم كەسسەڭ تىيارىم يوق ، دېگەن:« دىيدارە » مەشرەبمەن .

خەلايىقلار مېنى قوغلار ، يامان دەپ ھەر شەھەر بارسام ،
ئەجەب مەردۇ ، ئەجەب مەھرۇم ، ئەجەب سەگسارە مەشرەبمەن .

ئۆزۈمنى خەلق ئارا ئىخفالىقىمنى ھېچ كىشى بىلمەس ،
دىلۇ جانىم فىدا ئەيلەپ ، ئەجەب ئەييارە مەشرەبمەن .

مەنى دىۋانە مەشرەبكە مۇھەببەتدىن بەيان ئەيلەڭ ،
نامازۇ روزەدىن فارىغ بولۇپ سەييارە مەشرەبمەن .

※ ※

جەمالىڭ ساغىنىپ شامۇسەھەرلەر زار يىغلارمەن ،
جۇنۇن سەھراسىدا دىۋانە مەجنۇنۋار يىغلارمەن .

ساڭا رازى دىلىم ئىزھار ئېتىپ سۆزلەر مەجالىم يوق ،
پەرىشان ھالۇ سەرگەردانۇ دىل ئەفگار يىغلارمەن .

يۈزۈڭ شەمسۇ زۇھا ، ماھى مۇنەۋۋەر ، ئەي پەرى پەيكەر ،
لەبىڭ لەئلۇ ، لىسانىڭ شەھدۇ شەككەرۋار ، يىغلارمەن .

خەتىڭ باغۇ بەھارۇ ، لالەۋۇ سەرۋۇ سۇمەن ئېردى ،
كى مەن چۇن بۇلبۇلى شورىدە ئى گۈلزار يىغلارمەن .

كۆزۈمدىن مەۋج ئۇرۇپ سېلابى ئەشكىم تولا قان ئاقتى ،
ئەگەر يادىمغە تۇشسەڭ ، ئەي پەرى رۇخسارى ، يىغلارمەن .

كۆرەي دەپ ئارزۇ ئەيلەپ جەمالىڭنى مەن ، ئەي زىبىا ،
تۇرۇپدۇرمەن ئىشىكىڭدە ، ئايا غەمخار ، يىغلارمەن .

ئىلاھا ، مەغفىرەت دەرياسىدىن مەشرەبنى شاداب ئەت ،
ھەمىشە ، شەيئىللاھ ، دەپ قەلەندەرۋار يىغلارمەن .

※ ※

فىراقىڭ ئوتىدا ، ئەي گۇل ئۇزار ، يىغلارمەن ،
تىلەپ ۋەسلىڭنى تۈنلەر زار ـ زار يىغلارمەن .

نېتەي ، نە چارە قىلاي ، ۋەسلىڭە يېتەلمەسمەن ،
فىراق دەشتىدە چۇ ئەبرى نەۋباھار يىغلارمەن .

گەھى تۈشۈمدە كۆرۈپ گۇل يۈزۈڭ زىلەيخادەك ،
دىلىمنى پارە قىلىپ لالىزار يىغلارمەن .

غەرىبۇ بىكەسۇ ، بىچارە ھەمدەمىم يوقتۇر ،
تۈشۈپ بۇ غەمزەدە كۆڭلۈمگە يار يىغلارمەن .
قانى مۇساھىبى ھەمدەم ، قانى قەدىردانلار ،
قانى مۇھىببۇ ، قانى دوست ـ يار ، يىغلارمەن .

سوراقلادىم بۇ جەھان مۇلكىنى سەراپايىن ،
تاپىلمادىكى سېنىڭدەك نىگار ، يىغلارمەن .

قايان باراي ، تۈگەتەي كىمگە ئايتىبان دەردىم ،
يۈرەكىم ئۆرتەنىبا پۇر شەرار ، يىغلارمەن .

تەۋەككۇل ئەيلە خۇدا قىسمەتىگە ، ئەي مەشرەب ،
تەنىمدە جان بارىچە ئىنتىزار يىغلارمەن .



※ ※

ئىشقىڭ ئوتىغە ئۆرتەپ ھەردەم چۇ كۆيەي دەرمەن ،
ئول شەمئى جەمالىڭغە پەرۋانە بولاي دەرمەن .

مۇژگانىڭ ئوقىن ئاتىپ ، قانىمنى تۆكەر بولساڭ ،
قانىم بىلە ، ئەي جانا ، ئالەمنى بۇياي دەرمەن .

يۈزۈڭ بىلە قاشىڭدىن ئۆزگەگە نەزەر سالسام ،
خەنجەر ئالىبان قولغە كۆزۈمنى ئوياي دەرمەن . .

رەھم ئەيلەسە گەر دىلبەر ھەم ئاچسا نىقابىنى ،
مەن خەستەسىمەن ، دوستلار ، تويغۇنچە كۆرەي دەرمەن .

مەن دەشتۇ مۇھەببەتدە تەشنە بولۇبان يۈردۈم ،
سۇن ۋەسلى شەرابىدىن ، ئەي ساقى ، تويای دەرمەن .

مەشرەب سېنى دەپ ، دىلبەر ، كەچتى ئىكى ئالەمدىن ،
رەھم ئەيلەگىل ، ئەي جانا ، ۋەسلىڭگە يېتەي دەرمەن .

※ ※

ئول دىلبەرى رەئنانى مەن يار تۇتاي دەرمەن ،
مەي بەرسە ئەگەر ئاندىن بىر قەترە تاتاي دەرمەن .

جەننەت بىلە رىزۋانىن ھەم ھۇر ئىلە غىلمانىن ،
بەلكى ئابى ھەيۋانىن بىر پۇلغە ساتاي دەرمەن .

ئالەم ھەمە لەيلىدۇر تۈن قاشى قاراسىدەك ،
باقىپ يۈزىگە ، ئايدەك رەخشانە كېتەي دەرمەن .

ئىشق يولىدا ئول زاھىد ئاشىققە قىلۇر تەئنە ،

بىر ئوق بىلە مەن ئانى ئاندىن يوقاتاي دەرمەن .

ھۇ دېسەم ئەنەلھەق دەپ ، ئالەم بارىسى ھەق دەر ،
مەنسۇر كەبى باشىمنى دار ئۈزرە تۇتاي دەرمەن .

دەۋزەخ ئوتى سۇ بولغاي ئىشقىڭ ئوتىدىن مەشرەب ،
ئىشقىڭ ئوتىدىن تاشلاپ ئانى قۇرۇتاي دەرمەن .

※ ※

بول مۇسافىر شەھرىدە ھەردەم تۇتاشىپ يانەمەن ،
ھەر قايان بارسام بۇ كۆن يولدىن ئاداشىپ بارەمەن .

نە ئاتام بار ، نە ئانام بار ، ھېچ كىشىم يوقدۇر مېنىڭ ،
ھەر نەكى دىۋارلەرگە زارۇ سەرگەردانەمەن .

نې گۇناھ قىلدىم ، خۇدا ، دۇنيادا مەن بولدۇم غەرىب ،
ھەر قەيەردە بىكەسۇ بىچارەگە ھەمخانەمەن .

داغلار قويدى يۈرەككە بۇ فەلەكنىڭ گەردىشى ،
قىسمەتىم مۇنداق ئىكەن ، مەن جۇملەدىن بىگانەمەن .

بول ياقامنى چاك ئېتىپ ، پەريادۇ ئەفغان ئەيلەدىم ،
بارچەنىڭ باغرى پۈتۈنۇ ، مەن دىلى سەد پارەمەن .

ئەمدى ، مەشرەب ، قۇل ئىكەنسەن ، قىسمەتىڭ بولدۇر سېنىڭ ،
شۇكرى لىللاھ ، ھەممە يەردە تالىبى دۇردانەمەن .

※ ※

كۆزۈم يوللاردە قالدى ، كەلمەدى دىلدار ، نەيلەرمەن ؟
بولۇپمەن مۇنتەزىر ، كۆرگۈزمەدى دىيدار ، نەيلەرمەن ؟



ئول ئۆيىنىڭ ئىتلارى قىلسە سەدا ، جانىم ئۇمىد ئەيلەر ،
قارا بەختىم ئەمەسدۇر ئۇيقۇدىن بىدار ، نەيلەرمەن ؟

سەنى بىشقلەر بەزمىدە بىھىممەتلەر ئەسھابىڭ ،
مەنى مىسكىن ئىشكىڭ ئالدىدا چۇن زار ، نەيلەرمەن ؟

سەماۋاتى فەلەككە دەردى ئاھىمنى رەۋان قىلسام ،
ھەرارەتدىن كۆل ئولغاي گۇنبەدى دەۋۋار ، نەيلەرمەن ؟

بۇ كېچە كەلمەسە ، تاڭلا تىرىك يۈرمەك نې ئىمكاندۇر ،
ماڭا ماتەم تۇتۇپ يىغلار دەرۇ دىۋار ، نەيلەرمەن ؟

نەمازى شامدىن تا سۇبھە يولۇڭغە مەن باقىپ قالدىم ،
تولا ھەسرەت بولۇپ تۇردۇم ، دىلى ئەفگار ، نەيلەرمەن ؟

ئەلەم بىر رەڭگۇ ھەسرەت ئۆزگە ، داغى ھەجر بىر باشقا ،
بۇ مەشرەب بىر سارى تەنھا غەرىب بىسيار ، نەيلەرمەن ؟

※ ※

تىنمايىن يۈردۇم بۇ غەم دەشتىدە ھەيرانلىق بىلەن ،
ئاخىر ئۇمرۇم ئۆتتى ، سەد ئەفسۇس ، نادانلىق بىلەن .

بىر گۇلى شادىم ئاچىلماي بەخت گۇلىستانى ئارا ،
ھەيف ئۇمرۇم ئاقىبەت ئۆتتى پەرىشانلىق بىلەن .

بەسكى ئىلمى ھالۇ قالنىڭ يولىدا قىلساڭ ئەمەل ،
ئۇشبۇ مۇللالار بارى بوخلۇ ھەۋادارلىق بىلەن .

نەچچە مۇللا ئىلم ئوقۇپ ، رۇھى شەياتۇننى تاپىپ ،
چۇن رىباۋۇ رىشۋەنى يەرلەركى خۇشدارلىق بىلەن .

راست سۆز ئايتساڭ ئۇلارغە زەررە قىلماسلار قەبۇل ،
« كۇفر ئايتتىڭ ! » دەپ ئۇرارلار نەچچە ئازارلىق بىلەن .

مەشرەبا ، ھەربىر سۆزۈڭدۇر گەۋھەرى قىيمەتبەھا ،
ئايتما بۇ سۆزلەرنى ھەر ناكەسكە نادانلىق بىلەن .

※ ※

جىلۋە قىلۇرسەن مىڭ راز بىرلەن ،
پەرياد ئېتەرمەن ئاۋاز بىرلەن .

زۇلمىڭدىن ئۆلدۇم ، زالىم سىفەتلىك ،
رەھم ئەيلەمەيسەن ئىئزاز بىرلەن .

كافىر قىلىقلىق كۆڭلۈمنى ئالدىڭ ،
جان قۇشى ئۇچتى پەرۋاز بىرلەن .

گۇلدەك ئېگىلىپ كىرسەڭ ئىشكتىن ،
دىۋانە قىلدىڭ يۈز ناز بىرلەن .

مەشرەب غەرىبىڭ كۆيدى غەمىڭدىن ،
نالە قىلادۇر قىش ـ ياز بىرلەن .

※ ※

ئەي سەنەمى پەرىلىقا ، جىلۋەگەرى جەھانمۇسەن ؟
ئابى ھەيات لەبلەرىڭ ، دىلبەرى خۇش زەبانمۇ سەن ؟

ئاينەئى جەمالىڭە شۇنچەكى ئىنتىزار ئىدىم ،
بىر كۇنى دېمەدىڭ ماڭا : « ئاشىقى ناتەۋانمۇسەن ؟ »

ھەر كىشى ساڭا بىر باقار ، سۇ بولۇبان ئېرىپ ئاقار ،



يۈزلەرىڭ ئالما ، دىل ياقار ، غۇنچەئى ئەرغەۋانمۇسەن ؟

ۋەسلىڭە يۈز ئىما قىلىپ ، ۋەئدەنى دائىما قىلىپ ،
ئاخىرىدا جەفا قىلىپ ، كۆيدۈرگۈچى ئىمانمۇسەن ؟

ئەي سۆزلەرىڭ بىلەن سېنىڭ خەستە كۆڭۈل فەرەھ تاپار ،
لەززەتى جان ، ئەي پەرى ، سەن مېۋەئى بوستانمۇسەن ؟

مەشرەبىڭ جان فىدا قىلۇر ، كۈندە تاۋافۇ كويۇڭغە ،
سورمادىڭ ، ئەي ستەمگەرىم : « رەڭگى سارىق سامانمۇ سەن ؟ »

※ ※

ئۆلتۈرەيىن دەرمۇسەن ، يا كۆيدۈرەيىن دەرمۇسەن ؟
باشىمە يۈزمىڭ بەلالار كەلتۈرەيىن دەرمۇسەن ؟

كۆزلەرىڭ جەللاد ئېتىپ ، مىژگانلارىڭ بىداد ئېتىپ ،
كەشمىرى تىل بىرلە ھالىمنى سورايىن دەرمۇسەن ؟

يۈز تۈمەن باغى جەھان يۈزىنى بىر ـ بىر كۆرسەتىپ ،
كەئبەئى كويۇڭغە ئاخىر باردۇرايىن دەرمۇسەن ؟

ئاسماندىن يەرگە تاشلاپ ، خەلق ئارا رەسۋا قىلىپ ،
قۇش كەبى بالۇ پەرىمنى يۇلدۇرايىن دەرمۇسەن ؟

شاھبازى لامەكان كۆڭۈل ، قۇشنى ئوۋلابان ،
تەبل ئۇرۇپ ، دالباي قاقىبان قوندۇرايىن دەرمۇسەن .

مەن شەھىد ئىشقمەن ، ئۆلسەم كەفەنگە چولغاماڭ ،
ئول قىزىل قان بىرلە قوينۇم تولدۇرايىن دەرمۇسەن .

مەنسۇرى ھەللاجدەك ئىچىپ شەرابى ئەنتەھۇر ،

سۆدرەتىپ دار ئاستىغە ئالىپ بارايىن دەرمۇسەن ؟

ئىشق ئارا دەردۇ بەلالارنىكى سالدىڭ باشىمە ،
مەشرەبىڭنى ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرەيىن دەرمۇسەن ؟

※ ※

جىلۋە ئەيلەپ شوخلۇقتىن جانىم ئالغان سەنمۇسەن ؟
يا مېنىڭ رۇھى رەۋانىم ، جىسم ئارا جان سەنمۇسەن ؟

بۇ باشىم ئايلاندۇرار ئىشقىڭ شەمالى ھەر تەرەف ،
گۇلشەنى ئىشقىڭدا قىلغان بىدى لەرزان سەنمۇسەن ؟

ئىچمەيىن ۋەسلىڭ شەرابىن ، تەگدى بەدناملىق ئوقى ،
ھەسرەتىڭدە ئەيلەگەن يەر بىرلە يەكسان سەنمۇسەن ؟

زىينەتى ھۇسنۇڭنى ئىستەپ تاپمادىم دۇررۇ گۇھەر ،
مەئدەنى كۆزدىن چىقارغان دۇررى مەرجان سەنمۇسەن ؟

شامدەك ئەل بەزمىنى رەۋشەن قىلىپ ھۇسنۇڭ بىلەن ،
جانىم ئۆرتەرگە فىراقىڭ نارى سوزان سەنمۇسەن ؟

مېھنەتۇ دەردىمنى سورماي ، غۇنچەدەك ئاغزىڭ ئاچىپ ،
ئەلگە ئىشرەت باغى ئىچرە گۇلى خەندان سەنمۇسەن ؟

سايەدەك يۈردۈم ئاياغىڭ ئىزلارىغە سۈركەلىپ ،
باقمادىڭ بىردەم تۇرۇپ ، سەرۋى خىرامان سەنمۇسەن ؟

ھەر كۆكۈل سەيدى ئۈچۈن زۇلفۇڭ كەمەندىن ئويناتىپ ،
سېھر ئېتىپ ، ئەقلۇ ھۇشۇم قىلغان پەرىشان سەنمۇسەن ؟

ھەر زەمان ئەيلەپ غەزەب مەشرەبكە تارتىپ تىغى تېز ،



بۇ تەنىم سان ـ سان ئېتىپ ئىتلارغا سالغان سەنمۇسەن ؟

※ ※

ئىنتىزارىڭدىن چىقادۇر جانىم ، ئەي جان ، قايداسەن ؟
رەھم قىل ، ئەھۋالىمى قىلغان پەرىشان ، قايداسەن ؟

فۇرقەتىڭدىن خەستە بولدۇم ، تەندە تاقەت قالمادى ،
جان غەمىڭدە يەتتى لەبكە ، دەردكە دەرمان قايداسەن ؟

دېمەدىڭمۇ : « سەن يارىڭدىن كەچ بۇدەم ، سۆيگىل مېنى »
شەرتۇ ئەھدىنى ئۇنۇتقان ئەھدى يالغان ، قايداسەن ؟

مەن زىلەيخادەك فەنا بولدۇم فىراقىڭ ئوتىدا ،
سەن فەراغەت خاتىرى يۇسۇفى كەنئان ، قايداسەن ؟

مەشرەبىڭ تاپقايمۇ ئىزلەپ شەھرۇ سەھرانى كېزىپ ،
يۈزى تولغان ئاي كەبى ، ئەي كۆزى چولپان قايداسەن ؟

※ ※

ئەي مېنىڭ نازۇك نىھال ئارامى جانىم ، قايداسەن ؟
بۇ كۆكۈل بوستانىدە غۇنچە دەھانىم ، قايداسەن ؟

نەچچە يىللار بۇ كۆكۈل مۇشتاق ئېرۇر دىدارىڭە ،
ئۆرگۈلەي ، ئەي دىلبەرى شىرىن زەبانىم قايداسەن ؟

ئايرىلىپ مەن ياردىن بىر نەچچە كۈن بولدۇم جۇدا ،
ئاختۇرۇپ كەلدىم سېنى ، سەرۋى رەۋانىم قايداسەن ؟

ھالى زارىم كۆپ ياماندۇر ، قىلماساڭ بىر يول سوراپ ،
ئەي مېنىڭ خۇش مېھرىبانىم ،يارى جانىم قايداسەن ؟

كۆزلەرىم گىريان بولۇپ قالدىم بۇ غەم سەھراسىدا ،
ھەسرەتىڭدە چىقتى بۇ ئاھۇ پىغانىم قايداسەن ؟

تەشنەلەبدۇر مەشرەبىڭ ، بولدى يۈرەك باغرى كەباب ،
فۇرقەتىڭدە چەشمەئى ئابى رەۋانىم ، قايداسەن ؟

※ ※

بولماسام مەجنۇن ، بەيابانىدىن نېچۈك ئەيلەي سۇخەن ،
چەشمە بولسام مەنكى ، ئۇممانىدىن نېچۈك ئەيلەي سۇخەن .

يەتكەنىم يوق رەڭ بەرەڭ ئالەمنى بۈيى مەئنىگە ،
بىر گەدادۇرمەنكى ، سۇلتانىدىن نېچۈك ئەيلەي سۇخەن .

سەد ھەزاران ئىلىم ئوقۇپ مەن بىر ئەلىفقە لالمەن ،
بىلمەسەم تەفسىرى قۇرئانىدىن نېچۈك ئەيلەي سۇخەن .

ھەزرەتى نۇھ كەتتىلەر ، مەن ئايرىلىپ قالدىم ، دەرىغ ،
كىشتى كۆرمەيمەنكى ، تۇفانىدىن نېچۈك ئەيلەي سۇخەن .

ھەزرەتى ئادەم ساتىپدۇر جەننەتۇل پىردەۋسنى ،
چۈن يېتەر بىر دانە ، رىزۋانىدىن نېچۈك ئەيلەي سۇخەن .

ھىممەتىم بار ئېردى ، زەھمەت باستى ، نابۇد ئەيلەدى ،
مۇر بولماپمەن ، سۇلەيمانىدىن نېچۈك ئەيلەي سۇخەن .

كىمكى كىشتى دەرمەھەل قىلدى ، كۆكەردى ھاسىلى ،
ئەككىنىم يوق دانە ، بۇرۇندىن نېچۈك ئەيلەي سۇخەن .

مەشرەبا ، ساھىب تەلەبلەرگە گەپۇر دىل دەردىنى ،
ئۆزگەلەرگە ئەشكى مىژگانىدىن نېچۈك ئەيلەي سۇخەن .



※ ※

يوق پەرىلەر ئىچرە ، جانان ، سەن كەبى شىرىن دەھەن ،
كۆزلەرىڭ جەللادۋەش ، كىرپىكلەرىڭ تىرى كەمەن .

بىر قەدىڭدەك سەرۋ ھېچ بوستان ئىچىندە يۈتمەگەي ،
گۈل ئۈزارىڭ گۈلگە ئوخشارمۇ ۋەيا بەرگى سۈمەن ؟

كىمنى كۆرسە ئاقىزادۇر قانىنى دەريا قىلىپ ،
قايسى جەللاد بولغۇسى قاشىڭ كەبى شەمشىرزەن ؟

غۇنچەئى لەئلىڭگە تەشبىھ ئەيلەسە ئېرمەس ئەدەپ ،
ھەددى ئېرمەس سەدقەگە لەئلى بەدەخشانۇ يەمەن .

ئاتەشى لەئلىڭ ئىچىدىن ئابى ھەيۋان نۇش ئېتەر ،
ھۇققەئى يەئۇت ئىچىندە تىشلارىڭ دۇررى ئەدەن .

سۇنبۇل ئولغاي زىرى پا يا زەئفەران يا ئۇدكىم ،
بارچەنى ئەبتەر قىلۇر ئول سۇنبۇلى ئەنبەر شىكەن .

باغى ئىشرەتتە يوق ئېر سەڭ بىر تىكەندۇر كۆزگە گۈل ،
گەر خەياللىڭ ئۆلماسە كۆڭلۈم ئېرۇر بەيتۇل ھەزەن .

مىھرۇ ، ماھۇ لەئلۇ گۈلنى كۆرمەسەم ، ئول يۈزۈڭە ،
خىلۋەتى بولسا ، بولۇپ پەرۋانە باقسام جانۇ تەن .

دانەئى خالۇ لەبىڭ ئوتلۇق يۈزۈڭدە ، ئەي پەرى ،
ئاتەشىن جىسمىم ئارا كۆڭلۈمدەدۇر مۇشكى خوتەن .

رەھم قىل مەشرەب قولۇڭغە ، خەستەۋۇ زارىڭ سىنىڭ ،
دەۋلەتىڭ پايەندە قىلسۇن ئول خۇدايى زۇلمىنەن .

※ ※

مىڭ ئەنەلھەق كېلەدۇر مەنسۇر ئاسىلغان دارىن ،
ھەر زامان لەببەيكە دەپ قىلغاي نىدا جەبباردىن .

ئالىمى گۇفتار بولما ، فازىلى كىردار بول ،
بەندەلەرنى ھەق سورار مەھشەر كۈنى كىرداردىن .

بارچە خەلق سەۋداسىنى قىلدىكى ، سەن قالدىڭ بۇ دەم ،
كىمكى كەم خەرجى ئېرۇر خۇشك قايتار ئول بازاردىن .

مارى زاھىر سەھل ئىرۇر نەفس ئەژدەھاسى ئالدىدە ،
مەشرەبا ، قورقماسمۇسەن ، كۆڭلۈڭدە نەفسى ماردىن .

※ ※

ئەزەلدىن تا ئەبەد كۆڭلۈم قۇتۇلماس ئىشق بەلاسىدىن ،
يۈرەكىم رەخنەلەر بولدى بۇ ئىشقىڭ ماجەراسىدىن .

خەيالىمدە سېنىڭ ۋەسلىڭ تاپالماسمەن ، مەنى ھەيران ،
مەگەر ۋەسلىڭگە يەتسەم پىرى كامىلنىڭ دۇئاسىدىن .

ئىشت ئەرزىمنى ، ئەي دىلبەر ، يۈرەك ـ باغرىم كەباب بولدى ،
رەقىبلەر شادىمان بولدى نىگارىمنىڭ جەفاسىدىن .

سەنەم ، سەنسىز بۇ دۇنيادا تىرىكلىك قىلماغىم مۇشكىل ،
كەل ، ئەي كۆڭۈل ، كېچەيلى بۇ تىرىلىكنىڭ بەقاسىدىن .

سەنەم ، ئىشقىڭ ئوتى ئاخىر مېنى بىخانۇمان ئەتتى ،
كۆيەرمەن دەم بەدەم تىنماي بۇدەردى بىدەۋاسىدىن .

خەراب بولدى مېنىڭ كۆڭلۈم ، كىشىم يوقتۇركى زار ئەتسەم ،



سۆگەكلەر رەخنەلەر بولدى دىلىمنىڭ ئاھۇ ۋاسىدىن .

سېنىڭ ئىشقىڭ بىلە يىغلاپ ، ئەگەر مەھشەردە ئاھ ئۇرسام ،
كۆيەرلەر مۇئمىنۇ كافىر بۇ مەشرەبنىڭ نەۋاسىدىن .

※ ※

يىغلاسام ۋەقتى دۇئا بولغايمىكىن ؟
كۆز ياشىم دەردكە دەۋا بولغايمىكىن ؟

بادەئى ئىشقۇ مۇھەببەتدىن ئىچىپ ،
شەۋكەتى دۇنيا جۇدا بولغايمىكىن ؟

يىغلاماقدىن ماڭا ئىمكان قالمادى ،
ياردىن ماڭا نىدا بولغايمىكىن ؟

قايسى بىر دەردىمنى ئايتاي ، دوستلار ،
ئۆلمەيىن دەردىم ئەدا بولغايمىكىن ؟

مەشرەبا ، كۆيدۈردى يار ، ھالىم خەراب ،
ئەرز ئېتەرگە دادخا بولغايمىكىن ؟

※ ※

داد ئەيلەپ يارنىڭ كويىدا يۈرگەن بارمىكىن ؟
تۈن ـ سەھەرلەردە دىلى رازىنى سورغان بارمىكىن ؟

مەن غەرىب ھەيران بولۇپ قالدىم بەيابانلار ئارا ،
جان چىقار ھالەتدە ھەم يارنى سۆيگەن بارمىكىن ؟

زەررەئى كۆڭلۈم ئوتى چىقسە جەھاننى كۆيدۈرۈر ،
دەرگەھىغە باش قويۇپ ، دىيدار كۆرگەن بارمىكىن .

ئول قىيامەت دەشتىدە ھەر كىم يۈرۈر ئۆز دەردىدە ،
داد ئېتەرمەن ئول زەمان ئەرزىمنى سورغان بارمىكىن ؟

مەي ئىچىپ مەشرەب ئەزەلدىن ، مەست كەتتى ئاقىبەت ،
جاننى بەرمەسدىن بۇرۇن ، جانانغە يەتكەن بارمىكىن ؟

※ ※

يارنىڭ كويىدا ئۆلگەن بارمىكىن ؟
بىر ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەن بارمىكىن ؟

يارنى ۋەسلىنى ئىزلەپ ، چەرخ ئۇرۇپ ،
تەلمۈرۈپ يوللاردا قالغان بارمىكىن ؟

قەتل قىلماقغە ھۆكۈم ئەتكەندە ؟
يالبارىپ بوينىنى سۇنغان بارمىكىن ؟

شاھبازى لامەكان ـ سۇلتانى ئىشق ،
تەبل ئۇرۇپ دالبايغە قونغان بارمىكىن ؟

نەچچە يىل ئافاق خوجام خىزمەتىدە ،
شول خوتەن دەشتىدە يۈرگەن بارمىكىن ؟

مەن كەبى تەرسايۇ رەسۋالار بولۇپ ،
بوينىغە زۇننار سالغان بارمىكىن ؟

تاڭلا مەھشەردە يىغىلسە جۇملە خەلق ،
كۆز ياشى جەيھۇنچە ئاقغان بارمىكىن ؟

داد ئېتەر مەشرەب خوتەن سەھراسىدا ،
بىر زەمان دەردىگە يەتكەن بارمىكىن ؟



※ ※

مەجنۇن ئىلە كەزدىم نەچە يىل دەشتۇ بەيابان ،
لەيلىنى سوراغلاپ يۈرۈدۈم بىسەرۇ سامان .

بۇ ئەرزى دىلىمنى ئىشتىپ ، رەھم ئەيلە ، نىگارىم ،
ۋەسلىڭنى تىلەپ كىمكى مېنىڭدەك ساڭا ھەيران .

يۈز جانىم ئەگەر بولسا ، سېنىڭ يولۇڭە ئىھسان ،
خۇشتۇر بۇ گەدالىق ، نە قىلاي تەختى سۇلەيمان .

مەست ئەيلەگەلى بۇ مەنى بىچارە غەرىبنى ،
بىر غەمزە قىلىپ ئۆتتى قاشىدىن مېنى جانان .

ھۇسنۇڭ سىفەتىنى ئوقۇبان پىرى مۇغانلار ،
دىۋانە بولۇپ ، بەلنى پۈكۈپ ، بولدىلار ئۇريان .

ئىشقىڭ ئوتىدا بۇ يۈرەكىم ئۆرتىنەدۇر ، ئاھ ،
ئاخىر بۇ تەنىم بولغۇسى ئىشق ئوتىدا بىريان .

ھەجرىڭ غەمىدىن باشىمە يۈز جەۋرۇ جەفادۇر ،
ۋەسلىڭگە يېتەي دەپ كېزەدۇرمەن كۆزى گىريان .

بىچارە قۇلۇڭ ساڭا دەيۈر ئەرزى دىلىنى ،
بەرگىل تەلەبىمنى ماڭا ، ئەي خالىقى ئىنسان .

ساقىئى ئەزەلدىن مەيى بىر جۇرئە يۇتۇپمەن ،
بەسدۇر ماڭا بۇ، ئانىڭ ئۈچۈن ، نەشئەئى دەۋران .

ئەي دىلبەرى جانان ، سېنى دەپ خەستە بۇ ، مەشرەب ،
تۈشدى ئانىڭ باشىغە بۇ كۈن مىھنەتى ھىجران .

※ ※

قانىمنى تۆكەر ئىرمىش بەلخ شەھرىدە مەھمۇدخان ،
تەقدىرى ئەزەل بولسا ، نەيلەي ئاگا بەرمەي جان .

مىلك شۇكر خۇدايىمغە مەنسۇرغە قوشۇلدۇم مەن ،
ئول رۇيى سىياھلاركىم مەنسۇرنى ئۆلتۈرگەن .

بۇ ئىشق يولىغە كىرگەن ، ئەلبەتتە كېچەر جاندىن ،
كەچمەسە ئەگەر جاندىن ، ئايتقان سۆزىدۇر يالغان .

شىرىن غەمىدە فەرھاد ، تاغلاردا ئېتىپ فەرياد ،
ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنىپ ئاخىر چۇ فەنا بولغان .

ئول ئاشىقى مەجنۇن ھەم لەيلىگە بولۇپ شەيدا ،
چۆللەردە ۋەتەن ئەيلەپ كۆز ياشى رەۋان بولغان .

ئول زارى زىلەيخا ھەم يۇسۇفكە بولۇپ شەيدا ،
كۆردۇڭمۇ خەلايىقغە رەسۋايى جەھان بولغان .

كۆر تاھىرۇ زۇھرانى خەلق ئىچرە بولۇپ مەشھۇر ،
كۆڭلىنى بېرىپ يارغە ئىشقنى يولىدا ئۆلگەن .

ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنگەن ئول ۋامىقۇ ئۇزرا ھەم ،
مەھشەر كۈنى بولغاندا جەننەتدە قىلۇر جەۋلان .

كۆر ئاشىق ئەرەنلەرنى ، ئەي مەشرەبى دىۋانە ،
كەلگەندە ئەجەل جامى جانى بىلە سىپقارغان .

※ ※

بىر كەرامەت ئەيلەگىل ، بىدەستۇ بىپامەن بۇ كۈن ،



ئۆمرۈم ئۆتتى ، ۋادەرىغا ، كورۇ گۇمراھمەن بۇ كۈن .

يول خەتەر ، مەنزىل يىراق ، بىزارلىقدە ، ئۆتتى ئۆمر ،
گاھ ئارىف ، گاھ مۇئمىن ، گاھ تەرسامەن بۇ كۈن .

ھېچ بىلمەسمەن ئۆزۈمنى قايسى مىللەت خەلقىمەن ،
گاھ ۋاسىل ، گاھىدا مەھرۇمى دەرگاھمەن بۇ كۈن .

مەشرەبا ، ئىنشائى دىل كۆپدۇر ، قانى ئۆمرى دەراز ،
خەلق ئايتۇرلاركى ، مەن مەشغۇلى سەۋدا مەن بۇ كۈن .

※ ※

زۇلفىنىڭ سەۋداسىدىن كۆڭلۈم پەرىشاندۇر بۇ كۈن ،
يار ۋەسلىن كۆرمەيىن يەر بىرلە يەكساندۇر بۇ كۈن .

خەلق ئارا گەر شادلىقلار بار ئىمىش ، مەن كۆرمەدىم ،
ھەر كىشى يۈز غەم بىلە چاكى گەرىباندۇر بۇ كۈن .

گەر ماڭا قىلسا نەزەر خۇرشىد دەرمەن ئاتىنى ،
گەرچە ئاندىن بىر كۆرۈنسە ماھى تاباندۇر بۇ كۈن .

بەندىدىن فەرھاد قاچتى غەم تاغىدا بىركەنىپ ،
خەستە مەجنۇن ھەم كېزىپ چۆللەردە سەرساندۇر بۇ كۈن .

گەر مۇھەببەت بىرلە قىلسا بىر نەزەر ئول سەرۋى ناز ،
جەننەتۇل رىزۋان بولۇر بۇ كۈلبە ئەھزاندۇر بۇ كۈن .

ئىنتلارىغە ھەمدەم ئەتتى ، مەشرەبى بىچارەنى ،
ئەللاھ ــ ئەللاھ ، نى ئەجايىب لۇتفۇ ئىھساندۇر بۇ كۈن .

※ ※

ئىشق سەرگەردانىدۇرمەن ، مەندە يوق سەبرۇ سۇكۇن ،
تالئىم بولدى مېنىڭ روزى ئەزەلدىن ۋاژگۇن .

بىر بۇزۇق ئەۋۋارە كۆڭلۈمگە تاپالمام مەھرەمى ،
تاكى سىنغان شىشەنى قايتىپ قىلىپ بولماس پۈتۈن .

دىلدەكى نەقدىمنى مەن يولۇڭغا بەرباد ئەيلەدىم ،
نى مۇشەققەتلەرنى تارتدىم سەن گۈلى رەئنا ئۈچۈن .

دۇشمەنى غەددار دۇنيا قىلدى ھالىمنى خەراب ،
ھېچ مۇئمىن مىسلى مەن رەسۋايى ئالەم بولماسۇن .

دوستلار ، ھالىمغە يىغلار دۇشمەنىم كۆرسە كۈلۈر ،
دەرد كۆپ ، ھەمدەرد يوق ، دۇشمەن قەۋىي ، تالئ زەبۇن .

يۈز جەفا باشىمغە ئارتتۇردى ، ۋەفاسىن كۆرمەدىم ،
ئاخىرى بارى مەلامەت قامەتىمنى قىلدى نۇن .

كېچە ـ كۈندۈز تىنمايىن كۆپ ئىزتىرابلار ئەيلەدىم ،
راھەتىم دىلدىن كەمەيدى ، مېھنەتىم بولدى فۇزۇن .

غەم كۆزى تەلمۈردۈرۈپ كۆيدى بەيابانلار ئارا ،
قانلى ياشىم قىلدى سەھرالارنى رەڭگىن لالە گۇن .

ھەق يولىن تاپقان ھەمە ، دۇنيانى تەركىن قىلدىلار ،
قوپ سەن ھەم تەرك ئەيلەگىل ، ئەي مەشرەبى ساھىب جۇنۇن .

※ ※

ئەي فەلەك قىلدىڭ مېنى ئول مېھرىبانىمدىن جۇدا ،



بۇلبۇلى شۆرىدە يەڭلىغ گۈلستانىمدىن جۇدا .

نەيلەيىن ، قىلدىڭ مېنى ئاخىر غەرىبۇ بىنەۋا ،
مۇبتەلائى غەم قىلىپ كۆكسۈمدە جانىمدىن جۇدا .

قۆمرى ياڭلىغ بەندەلىك تەۋقىنى بوينۇمغە سالىپ ،
تەلمۈرۈپ ھەيران ئىدىم سەرۋى رەۋانىمدىن جۇدا .

ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلاسام ئەيب ئەيلەمەڭ ، ئەي دوستلار ،
مەن بولۇپمەن تۇتىئى شىرىن زەبانىمدىن جۇدا .

كوھ بەكوھ ، سەھرا بەسەھرا ، مەشرەبا، يۈرمەك نەدۇر ،
چۇغزى بىۋەيرانەدۇرمەن ئاشيانىمدىن جۇدا .

※ ※

بۇلبۇل ئېردىم قىلدى غەم ئاخىر گۈلستاندىن جۇدا ،
ھەرسۇ ماتەم ئىچرە يۈردۈم شەككەرىستاندىن جۇدا .

سىنە چاك ئەتتىم ، مېنىڭ ئەيبىمنى قىلماڭ ، دوستلار ،
قىلدى يەئقۇبنى فەلەك خۇرشىدى كەنئاندىن جۇدا .

نەچچە سەۋدالارنى كۆردى بۇمېنىڭ غەملىك سەرىم ،
بولمادى بىر سائەتى زۇلفى پەرىشاندىن جۇدا .

نارەسانىڭ دەردىگە ، يا رەب ، بۇ گەۋھەر تۈشمەسۇن ،
قەدر تاپماس ئول نىگىن دەستى سۇلەيمەندىن جۇدا .

شادمانىي ئىزلەدىم باشىمغە غەم كەلدى ھەمە ،
بىر زەمانى بولمادىم بۇ ئاھۇ ئەفغاندىن جۇدا .

مەشرەبا ، ئۆلگۈنچە ، دەرگاھىدا مەقسۇدىڭ بۇدۇر ،

خاتىرىڭنى قىلماغىل مۇنداق پۇشەيماندىن جۇدا .

※ ※

غەمزە قىلىپ قاشىمە كەل ، ساڭا قىلاي جانىم فىدا ،
كۆيدى يۈرەك چەكى ـ چەكى ، ئاھ نىتەي بولدۇم ئەدا .

ئۆلدى بۇ مەجنۇنىڭ خەراب ، لەيلى غەمىڭدا تىنمادىم ،
تولدى يۈرەككە ھەسرەتىڭ ، كۆيدىيۇ بولدى مۇبتەلا .

زاھىدى بەھرە ئالماغان ئىززەتۇ ھۇرمەتىن تىلەر ،
تائەتى خۇشكى زوھدىغە مۇنچە قىلىپ كىبرۇ ھەۋا .

داد ئېتەدۇرمەن ، ئەي سەنەم ، بولسە قىيامەت ئول كۈنى ،
ھەممەگە مەرھەمەت قىلىپ ، ماڭا بۇ دەردى بىدەۋا .

بادى خەزانى بىمەھەل ئۇمرۇمگە يەتتى ، نەيلەيىن ،
تەۋبە قىلىبان ئۆلمەدىم ساڭا خۇدائى كىبرىيا .

مەشرەبى بىقەرارى ئىشق تاپسە سېنى سوراغلاشىپ ،
قويسا باشىن بوسۇغاغە ھاسىل بولۇرمۇ مۇددەئا .

※ ※

خۇش قالىڭ ، مەن ئەمدى كەتدىم ، ئەي يارانلار ، ئەلۋىدا !
باشىمە تۈشتى غەرىبلىك ، قەدردانلار ، ئەلۋىدا !

بولماغاي ئېردى ئەۋۋەلدە كاشكى ئەيیارى ئىشق ،
داغى ھىجران ئۆرتەدى ، ئەي نۆكتەدانلار ، ئەلۋىدا !

بولدى ئەييامى بەھارۇ سەبزە بولدى يەر يۈزى ،
ئەتتى پەيدا لالەدەك داغى نىھانلار ، ئەلۋىدا !



گەر فەلەك كۆيدۈرسە مۇنداق نەچچە كۈنلەر ئايلانىپ ،
بول جەھاندا قالماغاي نامۇ نىشانلار ، ئەلۋىدا !

نۇرى دەيمەن ، قۇۋۋەتى جانۇ دىلىمسىز ، دوستلارىم ،
يىغلاماقدىن كۆزلەرىمدىن ئاقتى قانلار ، ئەلۋىدا !

ھەرنە بولسا مەشرەبى بىچارەردىن ئەيلەڭ بىھىل ،
خۇش كەلامى بۇلبۇلى باغى جەھانلار ، ئەلۋىدا !

※ ※

قىلۇر مەجنۇن بەياباندا نەدامەت ئاھۇ ۋاۋەيلا ،
بۇ ئىشق بەندىگە تۈشكەنلەرنى زىكرى دائىما لەيلا .

ئىشىتكەچ يەتتى دەۋزەخ ۋەھىمىدىن كۆڭلۈم قاچان قورقار ،
كى ئاشىق چەشمىدىن ياش ئاقسا دەۋزەخ بولغۇسى دەريا .

كى دەۋزەخ يىغلاپ ئايتۇر : « ئال بۇ قۇلنى ئۇشبۇ ھەيىن ، يا رەب ،
كى بىزدە قالمادى تاقەت بۇ ئاشىق ئوتىدىن ئەسلا » .

كەل ، ئەي دىلبەر ، بۇ ھالەتدە بىرەي جانىم ئالۇر بولساڭ ،
غەزەب بىرلە باشىم چولغاپ قولۇمنى دەرمەھەل باغلا .

كەل ، ئەي مەشرەب ، ئۇمىد ئەتكىل خۇدايىڭ لايەزال ئېرمىش ،
ئىنايەت بولسا ھەقدىنكىم بولۇرسەن يار ئىلە تەنھا .

※ ※

ئەي سەبا ، مەندىن دېگىل سەرۋى رەۋانىمغە دۇئا ،
گۇلشەنى ۋەسلىگە بارساڭ ، مىھرىبانىمغە دۇئا .

قامەتىم نۇندەك بولۇپتۇر داغى ھىجرانى بىلە .

كۆيدۈرۈپ ئەۋزائى بارىم ، دىلىستانىمغە دۇئا .

غۇنچەدەك لەۋدىن تەكەللۇم ئەيلەبان جانىم ئالۇر ،
سۆزلەرى دۇررۇ گۇھەر شىرىن زەبانىمغە دۇئا .

نەقدى جانىم خىرمەنىن ئىشق ئىلە تاراج ئەيلەبان ،
مەن ھەزىن يۈز شۇكر ئېتىپ ئول رازدانىمغە دۇئا .

كارۇ بارىم دائىما غەم بىرلەر ، مەشرەب ، مۇتتەسىل ،
مۇشكىل ئىشلارنى يېشەر دەۋلەت نىشانىمغە دۇئا .

※ ※

ئەگەر ئاشىقلىقىم ئايتسام كۆيۈپ جانۇ جەھان ئۆرتەر ،
بۇ ئىشق سىررىن بەيان ئەتسەم تەقى ئول خانۇمان ئۆرتەر .

كىشىگە ئىشق ئوتىدىن زەررەئى تۈشسە بولۇر گىريان ،
بولۇر بىسەبرۇ بىتاقەت ، يۈرەك ـ باغرى ھەمان ئۆرتەر .

مەنى بىخانۇمان تىنماي كۈيۈپ ھەردەم فىراقىڭدا ،
نىگارا دەپ ئاتىنىڭ ئايتسامكى ، شەۋقىڭدىن زەبان ئۆرتەر .

قايۇ تىل بىرلە ، ئەي جانا ، سىنىڭ ۋەسفىڭ بەيان ئەيلەي ،
تىلىم لالۇ ، كۆزۈم گىريان ، سۆڭەكلەرنى چۇنان ئۆرتەر .

نە قاتتىق كۈن ئىكەن ، دىلبەر ، ۋىسالىڭدىن جۇدا بولماق ،
مېنىڭ ئاھىم ئوتىغە بۇل زەمىنۇ ئاسمان ئۆرتەر .

يۈرەكدە دەردۇ غەم قات ـ قات ، كى مەندە قالمادى تاقەت ،
ئەگەربىر زەررەسىن بۇل ۋەقت دېسەم ئىشقى بەيان ئۆرتەر .

بۇ دەرد ئىلە خەراپ بولدۇم ، كېلىپ ھالىمنى سورمايسەن ،



ئۈنۈم چىقسا يۈرەكدىن بۇ تەنۇ جان ، ئۇستىخاۋن ئۆرتەر .

بۇ مەشرەب دەردىنى ، جانا ، كى ھېچكىم باشىغە سالما ،
ئەگەر مەھشەردە ئاھ ئۇرسام بىھىشتى جاۋىدان ئۆرتەر .

※ ※

زاھىد ، مېنى ئەيب ئەتمە ، گۇل يۈزۈ دۇداغ ئۆرتەر ،
پەرۋانەنى كۆردۈڭمۇ ، ھەر كېچە چەراغ ئۆرتەر .

نەرگىس كۆزى بىردەمدە جانىمنى خەراب ئەيلەر ،
لەئلى لەبى مەيگۇنى داغ ئۇستىدە داغ ئۆرتەر .

زاھىد كەبى بولغانلار ، ئىشق ئوتىنى كۆرگەنلەر ،
بۇ ئوت سارى بارغاندا بىردەمدە يىراق ئۆرتەر .

دىلخەستە بۇ مەشرەبنى ھەر كېچەۋۇ ھەر كۈندۈز ،
گاھ ئوتلۇق نىگاھ ئۆرتەر ، گاھ سوزى فىراق ئۆرتەر .

※ ※

بىر جۇنۇنى مەندە يۈزمىڭ مەھشەرىستانىنى بۇزار ،
چۇن ھەدىس ئايەت سۆزىن مۇنكىرى قۇرئاننى بۇزار .

گەرچە يۈزمىڭ غۇلۇ داد ئىشق لەنگەرى بولغايمۇ دەپ ،
بەرقى مەستان خىز ـ خىزى خەيلى ئاسماننى بۇزار .

كۆيدۈرۈر ئاشىقنىڭ ئاھى دەۋزەخۇ ھەفت ئىقلىمىڭ ،
بۇ سەمەندەر ئەخگەرى لەۋھ ، كۇرسى ، ئاسماننى بۇزار .

ياردىن ماڭا سەلامى ھەم پەيام بولغايمۇ دەپ ،
لەشكەرى فەيزى سەھەر ۋەسۋەسى شەيتاننى بۇزار .

مەشرەبا ، سەن ئىقتەدارلىق بەندەلەرگە ئۇلفەت ئول ،
سالىھ ھەمراھ بولماسا ، ئەلبەتتە ئىمانىنى بۇزار .

※ ※

پەردە كۆتەرىپ ئول شوخ ھەرلەھزە ئىتاب ئەيلەر ،
نازى بىلە ئول دىلبەر ئاشىققە ئەزاب ئەيلەر .

كۆيدۇردى مېنى ئىشقى ، كۆڭلۈمدە ئانىڭ زەۋقى ،
ھىجران ئوتىدا شەۋقى باغرىمنى كەباب ئەيلەر .

گاھ غەمزە بىلە چىقسە ، گاھ ئىشۋە بىلە باقسە ،
زۇلفى زەنجىرىنى ھەردەم بوينۇمغە تاناب ئەيلەر .

ھۇشۇمنى تەمام ئالدى ، ئىشق ئاتەشىگە سالدى ،
ساقى قەدەھىن سۇنماي مەخمۇرى شەراب ئەيلەر .

قەد سەرۋۇ ، يۈزى گۇلزار ، مەشرەبنى قىلۇر ئەفگار ،
ھەم نازۇ ئىتاب ئەيلەر ، ھەم خانە خەراب ئەيلەر .

※ ※

شەھدۇ شەكەردىن ئارتۇغۇم ، ئارامى جانىم كەلدىلەر ،
كۆڭۈل ئۆيىنى كۆرگەلى رۇھى رەۋانىم كەلدىلەر .

كېتىپ ئىدى ئەقلۇ ھۇشۇم ، بىلىپ تۇرۇرلار خاھىشىم ،
يوقتۇر ئۇلاردەك ھېچ كىشىم ، شېرىن زەبانىم كەلدىلەر .

ساقى ماڭا سۇنغىل قەدەھ ، مەخمۇر ئىدىم مەن ئىشقىدە ،
شەھرى ۋۇجۇدۇم تەختىگە شاھى جەھانىم كەلدىلەر .

ياد ئەيلەر ئىردىم گاھ ـ گاھ ، كەلگەيمۇ دەپ ئول پادىشاھ ،



بولدى يۈزۈم مانەندى كاھ ، ئول دىلستانىم كەلدىلەر .

دائىم ئاڭا ھەيران ئىدىم ، ئىشقىدا سەرگەردان ئىدىم ،
مەن مەشرەبى گىريان ئىدىم ، ئول يارى جانىم كەلدىلەر .

※ ※

مېنىڭ ئاھۇ فىغانىمغە ئۇشۇل پەيكى سەبا يىغلار ،
تەئەسسۇف ئەيلەبان ، باغرى كۆيۈپ شاھۇ گەدا يىغلار .

يۈرەكىم پارەسىنى تاڭلا ئاچسام خەلققە كۆرسەتسەم ،
شەفائەت ئەيلەمەسدىن ئىلگەرى ئول مۇستەفا يىغلار .

مۇسىبەت داستانىدىن ئەگەر دەفتەر ئاچار بولسام ،
ئەبۇ بەكرۇ ئۇمەر ، ئۇسمان ، ئەلى ئول مۇرتەزا يىغلار .

بۇ دۇنيادا غۇربەتىدىن ھېچ فارىغ بولمادى كۆڭلۈم ،
بەيابانلاردا ئاھ ئۇرسام ، ھۇسەينى كەربەلا يىغلار .

ئاشۇنداق تاجۇ تەختىنى قويۇپ ئەنۋائى نۇرانى ،
سۇلەيمان ھالەتىمگە ئاسەب ئىبنى بەرخىيا يىغلار .

ئاشۇ نازۇك ئەدانىڭ ھەجرىگە كىم مۇبتەلا بولسە ،
سەھەرلەر نالە ئەيلەپ ، ئۆرتەنىپ ماتەمسەرا يىغلار .

يۈرەكىم دەردىنى ئاچىپ بىرەۋگە كۆرسەتىپ بولماس ،
مەنى بەختى قارانىڭ ھالىغە بەختى قارا يىغلار .

سىنەمنى چاك ئېتىپ ، گۆردىن كۆتۈرسەم خەستە باشىمنى ،
كۆيەرلەر مۇئمىنۇ كافىر ، ھەمە ۋا ھەسرەتا يىغلار .

ھەمە ئاشىقلارىڭ بىرلەن تۇرارمەن بىر تەرەف تاڭلا ،

خۇدا قازى بولۇپ سورسا ، بۇ مەشرەپ دادخا يىغلار .

※ ※

مارى بەد مەندىن قاچاركىم ، كانى نەشتەر مەندە بار ،
بەدتەرىنى خەلقدۇرمەن ، نەفسى كافەر مەندە بار .

ھەرقاچان دەرۋازەئى مەرگدىن ئەمان ئۆتسەم ۋەلې ،
يول خەتەردۇر ، قۇرقامەن ، يۈزمىڭ بەلالەر مەندە بار .

بەس ، مېنىڭ نەفسىم خۇدالىق دەئۋى قىلدى ھەر زەمان ،
يولدا قالغان بەرھەمەنمەن تەشتى ئەخگەر مەندە بار .

چۇن ئەزەلدىن ، دوستلار ، ئىشقىدە كۆيگەن بەندەمەن ،
ماتەمىم باشىمدا كۆپدۇر ، داغى دىلبەر مەندە بار .

ئاتەشىمنى تازە قىلماڭلار ، قويۇڭلار ، يىغلايىن ،
ئۆرتەنىپ كۆيگەن بۇ مەشرەپ داغى ئەبتەر مەندە بار .

※ ※

مەۋجى دەريايى تەلاتۇم شۇرىشى مەھشەرچە بار ،
يەرگە تۈشسە قەترە ئەشكىم بەخشىشى گەۋھەرچە بار .

گەۋھەرى نايابنى ھەركىمگە زايىئ قىلماغىل ،
ھەق سۇخەن ، بىل ، بىخەبەرنى كۆڭلىگە نەشتەرچە بار .

مەن تەسەددۇقى ئاشۇنداق ئالى ھىممەتلەر بولاي ،
زىكرى ئەللاھ ــ زۇلفىقارى چاپىشى ھەيدەرچە بار .

ھەرخەسي چۇبىنى كۆردۈم زىكرىنى بىسيار دەر ،
ھەر پىرى كامىلكى ، ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەرچە بار .



گەر ئۆزى بىر لۇتف قىلسا مۇرى لەڭنى شىر قىلۇر ،
پەششەئى لاغەرنى كۆر ، يولىدا ئىسكەندەرچە بار .

مەشرەبا ، قىلما سۇخەن سەن ھەر نىچۈك نادانغە ، ھەيف ،
قەدرىنى بىلگەن كىشىگە يەئقۇتى ئەھمەرچە بار .

※ ※

چىقسام كوچەغە شاھ سەۋارىم كېلەدۇر ،
گۇل غۇنچەسىدەك گۇلئۇزارىم كېلەدۇر .

ھەريانغە باقىپ كىرپىك ئوقىن خەلقغە ئاتىبان ،
ئوتلارنى ياقىپ جانىمغە نىگارىم كېلەدۇر .

گۇلگۇن لەبىدىن ئىشق مەيىن ئەلگە سۇنۇبان ،
ئۆز مەستلىكىدىن كۆزى خۇمارىم كېلەدۇر .

جانىمغە تېگىپ ھەر سارىدىن رەشك قىلىچى ،
مىژگان ئوقىنى ھەريان ئاتارىم كېلەدۇر .

كەلمەي نەچە كۈن قايدا قەرار ئەتتى ئىكىنكىم ،
كۆڭلۈمدىن ئالىپ سەبرۇ قەرارىم كېلەدۇر .

ئۆلمەيمۇ بۇ دەرد ئىلەكى ، ئەي يارۇ يارانلار ،
ھەر لەھزىدە مېنىڭ جانىم ئالارىم كېلەدۇر .

كۈندۈزۈ كېچە ھېچ مەھەل كەلمەگەن ئېردى ،
بول تۇرفە كۆرۈڭ لەيلى ــ نەھارىم كېلەدۇر .

گۇل بەرگى كەبى غەم بىلە سارغايدى بۇ مەشرەب ،
نې غەم ماڭا ئەمدىكىم ئول غەمخارىم كېلەدۇر .

※ ※

دىلبەر يۈزۈڭ كۆرگەلى دىۋانە كېلىپدۇر ،
يۈز نازۇ كەرەشمە بىلە جانانە كېلىپدۇر .

دىۋانەئى شورىدە بۇ جانىڭنى فىدا قىل ،
كاكۇللارىكىم بىلىنە چۇلغانە كېلىپدۇر .

زەرراتى جەھان ئىچرە كۆيۈپ ، تەشنەلەب ئېردىم ،
جانانە بولۇپ ساھىبى پەيمانە كېلىپدۇر .

جانىڭنى فىدا ئەيلەگىل ، ئەي خەسنەئى مەشرەب ،
لەبلەرى شەكەر ، تىشلارى دۇردانە كېلىپدۇر .

※ ※

ئىشقىڭدا مېنى ۋالەۋۇ ھەيران ياراتىپدۇر ،
تەرسا بەچەنى غارەتى ئىمان ياراتىپدرۇ .

بۇ دەشتۇ بەيابانىدا ئۆلەرمەن ، نېتەي ئاخىر ،
خالىق مېنى تەشنە ، سېنى ئۇممان ياراتىپدۇر .

جانىمنى ئالۇر بولساڭ ، ئال ، ئەي دىلبەرى رەئنا ،
بىز غەمزەدەلەرنى ساڭا قۇربان ياراتىپدۇر .

تەقدىرى قەلەم باشىمە يەتتى ، نېتەيىن ، ئاھ ،
ھەجرىڭ غەمىدە بىسەرۇ سامان ياراتىپدۇر .

ئەرزىمنى ساڭا ئايتايىن ، ئەي شاھى جەھانىم ،
بىزلەرنى گەداكىم ، سېنى سۇلتان ياراتىپدۇر .



سەھرايى غەم ئىچرە مېنى ھەيرانۇ ، خەرابۇ
لەب تەشنەۋۇ دىلخەستەۋۇ سەرسان ياراتىپدۇر .

چۇن كۆزلەرىنى جادۇ دېمەك ئەينى خەتادۇر ،
تەگرى ئانى ئۆز مەيلىچە مەستان ياراتىپدۇر .

مەستانە سىفەت ئىشۋە بىلە نازۇ كەرەشمە ،
پەرۋانە سىفەت شەمئىگە سوزان ياراتىپدۇر .

دىۋانەۋۇ مەجنۇن نە قىلۇر ، يوقدۇر ئىلاجىم ،
ئەز روزى ئەزەل باغرىنى بىريان ياراتىپدۇر .

دىۋانەئى مەشرەب نە دېمىش ئېرسە يارانلار ،
ئەيب ئەيلەمەگىزلەر ، ئانى نادان ياراتىپدۇر .

※ ※

زىيبا سەنەمىم گۇلگۇنى زىيبا ياسانىپدۇر ،
قانىمنى تۆكەر ، بۇكى قىزىل تون كىيىنىپدۇر .

بىلمەم يەنە ئول ئافەتى جان قايسى مەكاندا ،
كىم بىرلە چاغىر ئىچتىكى يۈزى قىزارىپدۇر .

شەھلا كۆزىنى جادۇ دېمەك ئەسلا خەتادۇر ،
تەگرىم ئانى ئۆز مەيلىچە تەنھا ياراتىپدۇر .

ساچىغە قىيا سالساكى ساچباغى چىرايلىق ،
ئول كاكۇلى لەيلىسى ئەجايىب ياراشىپدۇر .

تۇپراقىم ئۈزە لالە ئۈنەر ۋەقتىدە مەشرەب ،
كۆيدۇرمەك ئۈچۈن باغرىمە داغىڭ تۇتاشىپدۇر .

※ ※

هۇ سەداسى دەم بەدەم زاتى هۇۋەيدادىن كېلۇر ،
ئاڭلاساڭىز بۇ سادانى شۇرى غەۋغادىن كېلۇر .

ئاي يۈزۈڭ تاھاۋۇ ياسىن ، ئەللەمەل قۇرئان ئىمىش ،
ئەئۇزۇ بىللاھ مەئنەسى ئىننا فەتەھنادىن كېلۇر .

بەندەئى پەرمانى ھەقسەن ، ئايتقانىنى قىل قەبۇل ،
ئۇشبۇ كۇن يەۋمىن - نۇشۇر نەھنى قەسەمنادىن كېلۇر .

ھەرنەكىم ياخشى - يامان قىلسا بىلىڭ ، ئەي ئادەمى ،
ئىننەما ئەھۋالەكۇم سۇيى هۇۋەيدادىن كېلۇر .

سەنكى مەشرب زاتىنى سوراپ نېتەرسەن ئاتىنى ،
سەن تىلەرسەن زاتىنى ئىسمى مۇسەللادىن كېلۇر .

※ ※

لەتافەت باغى ئىچرە قامەتىڭ سەرۋى خىرامانDۇر ،
كۆڭۇل قۇمرىسى تىنماي دائىما دەر شۇرۇ ئەفغاندۇر .

كۆزۈڭ جەللادۋەش ، قاشىڭ ھىللالۇ كىرپىكىڭ خەنجەر ،
لەبىڭ لەئلۇ دەھانىڭ غۇنچەئى سەدبەرگى خەنداندۇر .

سەن ، ئەي زاھىد ، مېنىڭ دەردى دىلىمنى ھېچ بىلمەسسەن ،
يۈرەكىمگە نەزەر قىلساڭ ، تەمامى زەخمى پەيكاندۇر .

بىھىشت ئىچرە قەدەم قويىمام يوق ئېرسە ۋەئدەئى ۋەسلىڭ ،
كى سەنسىز ماڭا بۇ جەننەت بەمىسلى نارى سۇزاندۇر .

كى سەنسىز نەيلەيىن ئۇشبۇ جەھاننى ، ئەي ۋەفادارىم ،



ئەزابى قەبر ھىجران دەردىدىن ئەلبەتتە ئاساندۇر .

ئۇمىدى كۆپ ئىدى رەنجۇر قىلدى ئىشق مەشرەبنى ،
ئەگەر مەقسۇدغە يەتمەي ئۆلسە ۋاۋەيلاۋۇ ئەرماندۇر .

※ ※

سېنىڭ ئىشقىڭدا ، ئەي دىلبەر ، يۈرەكىم تەھ بەتەھ قاندۇر ،
مۇھەببەت ئوتىدا ھەردەم كۆيۈپ كۆڭلۈم پەرىشاندۇر .

قاچان چىقغاي سېنىڭ دەردىڭ يۈرەكىمدىن ، نېتەي مەن زار ،
ئەگەر شول دەرد بىلەن ئۆلسەم ، ئىچىمدە تولا ئەرماندۇر .

نە بولغاي رەھم ئېتىپ سورساڭكى مەن كۆڭلى شىكەستەگنى ،
ھەمىشە ئاشىقى مىسكىن سېنىڭ ئىشقىڭدا ھەيراندۇر .

سورارلار بەئزى ئادەملەر : « بۇ دەردىڭگە دەۋا بارمۇ ؟ »
مەن ئايتۇرمەن : « بەرادەرلەر ، بۇ دەردى ماڭا دەرماندۇر . »

كەل ، ئەي مەشرەب ، بۇ ئاشىقلىق ئىشى دۇشۋاردۇر بىلسەڭ ،
ئىنايەت بولسا گەر ھەقدىنكى ھەر مۇشكىل ئىش ئاساندۇر .

※ ※

ئەجەب مەجنۇن ئېرۇرمەن ، دەشت ئىلە سەھراغە سىغمامدۇر ،
دىلىم دەريايى نۇردۇر ، مەۋج ئۇرۇپ دۇنياغە سىغمامدۇ .

شەرىئەت ھەم تەرىقەت ھەم ، ھەقىقەت مەندەدۇر مەۋجۇد ،
چۇ سۇلتانى ئەزەلدۇرمەن ، كى ئەرش ئەلاغا سىغمامدۇر .

خەلىل ئاسا بۇ يولدا ئاتەشتىن نەمرۇد مىئراجىم ،
ھەمان دۇررى ھەقىقەتمەنكى ، ھەر دەرياغە سىغمامدۇ .

رىزا مۇلكىدە مەن ھەلقۇمنى تۇتتۇم تىغى ئەكفەرگە ،
بۇ يولدا سىنەئى پاكى زەبىيۇللاھغە سىغمامدۇ .

ئەگەر چەندە زىيارەت قىلمادىم مەن كەئبەئى زاھىر ،
تەرىقەت ھاجىسىدۇرمەنكى ، بەيتۇللاھغە سىغمامدۇر .

گەھى بولدۇم فەقىرۇ ، گاھى شاھۇ ، گاھ گەدادۇرمەن ،
ئەجەب دىۋانەمەن ، فەرداكى مەھشەرگاھغە سىغمامدۇر .

مەقامى ھەيرەت ئىچرە گاھى خۇدمەن ، گاھى بىخۇدمەن ،
جۇنۇن بازارىدا مەستمەنكى ، ئىستىغناغە سىغمامدۇر .

گاھ ئۇرۇس گەھى چىركەس ، گەھى مۇئمىن ، گەھى تەرسامەن ،
نى كەۋنەيىننى ميانى لاۋۇ ئىللەللاھغە سىغمامدۇر .

مۇدام مىسكىن ئىرۇرمەن چۇن غۇلامىڭ ـ مەشرەبىڭدۇرمەن ،
مەنى بىچارە بۇ دۇنيا بىلەن ئۇقباغە سىغمامدۇر .

※ ※

قاشىڭ مىھرابى ، ئەي دىلبەر ، مېنىڭكىم قىلبەگاھىمدۇر ،
يۈزۈڭ مىھرى كۆڭۈلنى رەۋشەن ئەتمەكلىككە ماھىمدۇر .

ئىبادەتنىڭ قىيامى پايى گامىڭ خانەئى كەئبەم ،
ئىزىڭ ئول ئاستانى ئالى ئۈزرە تەكيەگاھىمدۇر .

ئىكى ئالەم خەيالاتى ماڭا قاتىل ئىرۇر جانا ،
سىپاھى تارتىپ ئاتلانساڭ ماڭا يادىڭ پەناھىمدۇر .

بۇ كۆڭلۈم مايىلى بولسا غەيرىنى يادىنى قىلماقغە ،
غەمىڭ فۇرقەت ئوتىدا ھەرنە قىلسە ئۆز گۇناھىمدۇر .



ۋەلې كۆڭلۈم قەبۇل ئەتمەس ئۆزۈڭدىن ئۆزگەنى ، دىلبەر ،
ساچىڭنىڭ ھەلقەسى ئول زۇلمىدىن ئارامگاھىمدۇر .

قارا ، كۆرگەن فەلەكتە ئەبرى ئىرمەس ، ياغقانى يامغۇر ،
فەلەك ھالىمغە يىغلاپ ، ئول قاراسى دۇدى ئاھىمدۇر .

ئەمەسدۇر ئۇستىخان ئاتىڭ ئاياغ ئاستىدا سودرەلگەن ،
غەمىڭ رەنجى بىلەن ئۆلگەن مېنىڭ جىسمى تەباھىمدۇر .

جەفاۋۇ جەۋر ئىلە زۇلمىڭ ماڭا بىدادلار قىلدى ،
كەرەشمەڭ كۆرسە قەتل ئەيلەر ، دېمەس بۇداد خاھىمدۇر .

گۇناھىم غەيرىدىن ئىرمەس ـ كۆزۈمدىن ئىختىيارىمدىن ،
مېنى بۇ ئوتقە سالغان ئىختىيارىم ھەم نىگاھىمدۇر .

مېنى ئۆلتۈرسەڭ ، تىرگۈزسەڭ سەنەم لۇتفۇ ستەم ئەيلەپ ،
سېنىڭدۇر ئىختىيارىم ، ھەرنە قىلساڭ پادىشاھىمدۇر .

كېچە ـ كۈندۈز بۇ مەشرەبنىڭ خەيالى ئاستان ئىرسە ،
ۋىسالىڭ دەۋلەتىن تاپماقغە ئول پەدىد راھىمدۇر .

※ ※

نەغمەئى ئەرغەۋان چالىپ دىلبەرى خۇش نەۋا كېلۇر ،
لەززەتى ئىشقىنى تاپىپ زىكرى ئىلە سەنا كېلۇر .

ئەسلى مۇھەببەت ئىستەسەڭ ، كۇللى سىۋانى تاشلاغىل ،
فەقر لىباسىنى كىيىپ ، دەر بەدەرى گەدا كېلۇر .

ئۇشبۇ جۇدالىق دەردىنى مەن كىمگە ئايتاي ، دوستلارىم ،
يىغلاماسام بۇ ھالىمە دەردىمە نى دەۋا كېلۇر .

ئاھىمە مەھشەرنىڭ بىلە ھەم يەتتى دەۋزەخنىڭ كۆيەر ،
ئاندىن ئۆتۈپ بۇ ھالىمە ئەرش ئۈستىگە سەدا كېلۈر .

بەندەئى پۇر گۇناھ ئۆزۈك ، تۇرغىل سەھەردە يىغلاغىل ،
كۆز ياشىڭنىڭ ھۇرمەتىدىن دەردىڭە چۇن دەۋا كېلۈر .

مەشرەبى مەھدى ئەدھەمى خوشلادى فەقر ئەھلىنى ،
بەندە ئۇمەم سىددىقى بەسىددىقى دىل سەفا كېلۈر .

※ ※

ئىشق چۇن ھەر دىلغە تۈشسە ئەۋۋەلا جان ئۆرتەنۈر ،
ئاھى مەجنۇندىن ھەمە كوھۇ بەيابان ئۆرتەنۈر .

ئاسەف ئىبنى بەرخىيادەك ئالى ھىممەت بولماسە ،
تاكى بىلقىسنى كۆتۈر گۈنچە سۇلەيمان ئۆرتەنۈر .

كوھ بەكوھ ئەۋۋارەلەر ئەيلەر يېتىشكەن سۇگرە ئىشق ،
بوينىغە زۇننار تاقغان شەيخى سەنئان ئۆرتەنۈر .

نا ئۇمىدلىك كۇفر ئېرۈر ، مەشرەب ، ئۇمىد ئەتمەك كېرەك ،
كىم ئۇمىدنى ئۈزدى ھەقدىن جانۇ ئىمان ئۆرتەنۈر .

※ ※

ئاھى دىلىمغە ، زاھىد ، مەسجىدۇ مۇنبەرنىڭ كۆيەر ،
قاچماساڭ ئەمدى ئالىبان تەسبىھۇ دەفتەرنىڭ كۆيەر .

بازى رۇكۇۋۇ سەجدەدە غەيرەتى شەھپەرنىڭ قاقىپ ،
مەن بارۇر يەرنى كۆزلەمە ، ئەي جىبرەئىل پەرنىڭ كۆيەر .

جەننەت ئىچىندە گۇل يۈزۈك بولماسە ئاھ تارتىمەن ،



تۇبى كۆيۈپ فەنا بولۇر ، چەشمەئى كەۋسەرنىڭ كۆيەر .

بادەئى لەئلى ئىزلەسەم ، يار مۇيەسسەر ئەيلەمەس ،
بىر نەپىسمىننىڭ تەپتىگە دەۋزەخۇ ئارەزنىڭ كۆيەر .

مەشرەبى زارۇ ناتەۋان ، كويىدا لاپى ئۇرماغىل ،
با ئەدەب ئۇل بۇ يول ئارا باشدىن ئاياق بارنىڭ كۆيەر .

※ ※

مەلەكسەن يا بەشەر ، يا ھۇرۇ غۇلمانسەن ، بىلىپ بولماس ،
بۇ لۇتفۇ بۇ نەزاكەت بىرلە سەندىن ئايرىلىپ بولماس .

ئەجەب بىرەھم دىلبەرسەن ، ئەجەب شوخى سىتەمگەرسەن ،
چەراغى ھۇسنى رويىڭدىن كۆڭۈلنى جەم قىلىپ بولماس .

يۈزۈڭنىڭ ئافتابىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قالدىم ،
فەلەككە قول ئۇزارتىپ شەمسى ئەنۋەرنى ئالىپ بولماس .

يۈزۈڭ مىسلى قىزىل گۇلدۇر ، كۆڭۈل چۇن بۇلبۇلى شەيدا ،
بۇ گۇلنىڭ ئىشقىدىن بۇلبۇل چەمەندىن ئايرىلىپ بولماس .

كەل ، ئەي مەشرەب ، ئەگەر ئاشىق بولۇپسەن ، بولماغىل غافىل ،
بۇ غەفلەت ئۇيقۇسىدىن ، ئەي يارانلار ، ئويغانىپ بولماس .

※ ※

مېنىڭ رازى دىلى زارىم پەرۋانىدۇر بىتىپ بولماس ،
كى ئىشق ئەفسانەسىنى دەفتەر ئۈزرە شەرھ ئېتىپ بولماس .

تىكەنسىز گۇل ، سەدەپسىز دۇر ، مەشەققەتسىز ھۇنەر يوقتۇر ،
رىيازەت چەكمەگۈنچە يار ۋەسلىگە يېتىپ بولماس .

خەدەنگى تىرى مىژگانىڭ تېگىپ سىنەمگە جا بولدى ،
كۆڭۈل رەخمىن ئاچىپ بىدەردلەرگە كۆرسەتىپ بولماس .

ئاشۇنداق مۇستەفانى ئۇشبۇ ئالەمدىن فەنا قىلدى ،
خۇداغا بۇ سەبەبدىن ، ئەي بەرادەر ، بەھس ئېتىپ بولماس .

ئۇزاق ئېرمىش ئاشۇ زىبىبا سەنەمنىڭ قەسرى ، ئەي مەشرەب ،
ئەگەر مىڭ يىل جەدەل قىلساڭ ئۇ مەنزىلگە يېتىپ بولماس .

※ ※

ئەگەر ھەر يەردە بولسام مەن ، كۆڭۈل سەندىن جۇدا بولماس ،
مەگەر مىڭ يىل نەۋا قىلسام ، سېنىڭ دەردىڭ ئەدا بولماس .

تىلەرمەن ۋەسلىنى تىنماي نەچە يىللار يۈرۈپ سەرسان ،
يارىپ ئايتىڭ ئاشۇ يارغە جۇدالىقدەك بەلا بولماس .

خەلايىقلار كى ئايتۇرلار : « بۇ دەردىڭگە دەۋا يوقمۇ ؟ »
ئۆزىدىن ئۆزگە ، ئەي دوستلار ، ماڭا ھېچ بىر دەۋا بولماس .

※ ※

يەتمەسە بادى سەبا غۇنچەغە ، خەندان بولماس ،
ئىشقدىن تاپماي ئەسەر كەبك سۇخەندان بولماس .

گۇل يۈزىنى كۆرمەسە گۇلشەن ئىچىندە بۇلبۇل ،
ئايلانىپ ھەرگىز ئاشۇ يەردە خۇش ئەلھان بولماس .

ئىشق ئوتى زارۇ ، زەلىلۇ ئەيلەگەي يۈزنى سارىق ،
جانى گەر كۆيمەسە ئاشىق يۈرەكى قان بولماس .

كۆزى ئاتەش ، يۈزى مەھۋەش ، سۆزى دىلكەش ، نەزەرى



تۇشمەگۇنچە قارا تاش لەئلى بەدەخشان بولماس .

ئىكى زۇلفى ئىچىدىن ئاي يۈزى رەخشان بولۇبان ،
شەمئى ۋەسل بولماسە ھىجران تۈنى تابان بولماس .

يىغلاپ ئايتتىم : ماڭا فۇرقەت تۈنىدە ئاي يۈزلۈك ئاچ !
ئول دېدى : مىھر ياغىن بولسە ، نۇرەفشان بولماس !

دېدى : ۋەسلىم خۇش ئەگەر ، ھەجر ئەلەمىدىن دېمە سۆز ،
ئاشىق ئۆلدۈركى ، خەبەردارى تەنۇ جان بولماس !

دېدىم ئاڭا : نېتەيىن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى بۇ دەرد ،
بۇ نېچۈك دەردكى ، ئاڭا ھەرگىز دەرمان بولماس .

دېدى : مەشرەب ، سېنى ھىجران ئوقى مىڭ پارە قىلۇر ،
غەم يېمەن ، لەئل نەچە پارەدۇر ئەرزان بولماس .

※ ※

ئىشق مەزھەبىگە تەقۋىيۇ تائەت چىدايالماس ،
تەسبىھۇ سەنا ، زۇھدۇ ئىبادەت چىدايالماس .

كىم كۆرسە ئاشۇ دىلبەرى رەئنانى بە يەكبار ،
بىتاقەت ئولۇپ ، ئەيشۇ فەراغەت چىدايالماس .

فەريادۇ فىغانلا قىلادۇرمەن كېچەيۇ كۈندۈز ،
ھەيرەتتە قالىپ قەد ئىلە قامەت چىدايالماس .

ئەدھەم سىفەت ئول كىرسە كىشى فەقر يولىغە ،
ئاسايىش ئىلە خەيرۇ سەخاۋەت چىدايالماس .

ئەربابى مۇھەببەتكى يېتىپ بۇيى سەنەمدىن ،

ئەقلى كېتىبان سەبرۇ قەنائەت چىدايالماس .

ئەي زاھىد ، ئەگەر كۆرسەڭ ئاشۇ ماھلىقانى ،
زۇھدۇ ۋەرەئۇ كەشفۇ كەرامەت چىدايالماس .

دىۋانە قىلۇر ئىشقى سەنەم ۋەسلى چۇمەجنۇن ،
نامۇسۇ ھەيا ، ئەيبۇ قەباھەت چىدايالماس .

كىم جامى مۇھەببەت مەيىدىن جۇرئەنى ئىچسە ،
شاھانە ھەشەم ، ئىززەتۇ ھۇرمەت چىدايالماس .

بۇ ئىشق ئېلىنىڭ ھەردەم ئېتەر ۋەلۋەلەسىگە ،
بىشۇبھە بىلىڭ ، دەستى ئىرادەت چىدايالماس .

مەشرەب كېلىبان كۆكۈل ئىلە رەقسى سەماقىل ،
ئىشق مەزھەبىدە ئابى تەھارەت چىدايالماس .

※ ※

ئول ئىشقى سەنەم دەردىگە ھەيدەر چىدايالماس ،
قەقنۇس كۆيەر بەلكى ، سەمەندەر چىدايالماس .

مەئشۇق يۈزىدىن بەرسە ئەگەر زەردە زىبايى ،
تاغلار كۆيەرۇ مۇسا پەيەمبەر چىدايالماس .

بىر جىلۋە قىلىپ چىقسا بۇ ئالەمگە پەرى رۇ ،
دىۋانە بولۇپ مۇئمىنۇ كافەر چىدايالماس .

ئاشىق ئېلىنىڭ نالەئى فەريادىن ئىشتىسە ،
مەسجىد كۈيەرۇ ۋائىزى مۇنبەر چىدايالماس .

ئىشق ئەبرى ئەگەر ياغساكى دەرياغە چۇ نەيسان ،



دەرياۋۇ سەدەف ھەم دۇرى گەۋھەر چىدايالماس .

ئىشق ھەيرەتىدىن كىرسە چەمەن ئىچرە گەر ئاشىق ،
ھالىنى كۆرۈپ سەرۋۇ سەنەۋبەر چىدايالماس .

مەشرەب ، سەن ئەگەر ۋەسلى سەنەم ۋەسفىنى ئايتساڭ ،
مۇشكىنى خوتەن ، سۇنبۇلۇ ئەنبەر چىدايالماس .

※ ※

شەرھ ئەيلەسەم ئىشق دەفتەرىنى جان چىدايالماس ،
ھەم جانۇ جەھان ، ئادەمۇ ھەيۋان چىدايالماس .

ئەۋرادى مۇھەببەت ئوقۇبان مەسجىدە كىرسەم ،
مەسجىد كۆيەرۇ تاقى فەراۋان چىدايالماس .

مەيخانە كىرىپ ۋەسلى سەنەمدىن خەبەر ئالسا ،
زاھىد كۆيەرۇ ئاقىلۇ نادان چىدايالماس .

مەھشەر كۈنى گەر بەرق ئۇرۇبان چىقسە نىگارىم ،
دەۋزەخ كۆيەرۇ جەننەتۇ رىزۋان چىدايالماس .

ئىشق دەفتەرىدىن گەر ئوقۇسام سۇرە بەيەكبار ،
بىشۇبھە بىلىڭ ، ئايەتى قۇرئان چىدايالماس .

گەر نەئرە ئۇرۇپ تەۋسەنى ھىممەت مىنە قالسام ،
ئالەمگە تۇشۇپ شۇرىشى ئەفغان چىدايالماس .

مەشرەب ، سەن ئەگەر دەۋرىئى ئىشقى سەنەم ئەتسەڭ ،
بىللاھكى ، ئاگا جىسمىڭ ئىلە جان چىدايالماس .

※ ※

دەردىم ئۇتىغە يارى بەرادەر چىدايالماس ،
دەرد ئەھلى يانار ، ھەزرەتى داۋەر چىدايالماس .

دەردىمدىن ئەگەر زەررە ئەسەر قىلسە فەلەككە ،
ئۇتلار چاقىلار چەرخى مۇددەۋۋەر چىدايالماس .

ئىشق گەۋھەرىنى پاش ئەگەر قىلسام ئەشۇندا ،
دەللال قىغان ئەيلەرۇ مۇشتەر چىدايالماس .

بۇل سىررى دىلىم زاھىر ئەگەر بولسە فەلەككە ،
ئۇل ماھ كۆيەر ، شەمسى مۇنەۋۋەر چىدايالماس .

ئۇل رۇزى ئەمەل نامەسىنى بەرسە قولۇمغە ،
ئاچىپ ئۇقسام مەجمەئى مەھشەر چىدايالماس .

دەردىمنى ئەگەر سالسە تەرازۇئى ئەمەلگە ،
ئانى كۆرۇبان مۇئمىنۇ كافەر چىدايالماس .

ۋائىز بولۇبان ۋەئز دېسەم مەسجىد ئىلىگە ،
ۋەئزىم ئىشتىپ ، مەسجىدۇ مۇنبەر چىدايالماس .

ئەشئارى لەزىز ئىلە جەۋاب ئايتتى بۇ مەشرەب ،
ئانى ئۇقۇبان كۆرسە مۇزەففەر چىدايالماس .

※ ※

چۇن قولۇم بىرلە ئاياغىم باغلاماق ھاجەت ئەمەس ،
مەن ئۆلۈمگە رازىدۇرمەن ، تۇرغالى تاقەت ئەمەس .

مۇنچە شىددەت بىرلە باشىم كەسكەلى زور ئەيلەمە ،



بەسكى ، ئادەم قانى تۆكمەك ساڭا ھەم تائەت ئەمەس .

ئۇمر چۇن بەرقى ھەۋادىس ، غافىل ئادەم بىلمەدىم ،
ئايۇ كۈن ئارامىغە بىر لەھزەئى فۇرسەت ئەمەس .

لەشكەرى خۇنرىز بولسا سەبرۇ ئارام قايدا بار ؟
مەجنۇنى دىۋانەلەردىن شاھقە راھەت ئەمەس .

چۇن مۇبارەك بولسۇن ، ئەي مەشرەب ، قىزىل قانىڭ سېنىڭ ،
خۇپ ئىش بولدى ساڭا ، جان بەرگەنىڭ ئافەت ئەمەس .

※ ※

دىل مۇھەببەت خانەئى ئىشقدۇر نىجابەتدىن ئەمەس ،
مەغزى يوق ناپاكلار ئەھلى رىئايەتدىن ئەمەس .

ئەھلى سۇننەت باشقەدۇر ، ئەھلى جەمائەت باشقەدۇر ،
ھەر كىشى خەلق تەئنەسىن قىلسە جەمائەتدىن ئەمەس .

تا جىگەر خۇنابەسى بىرلە تەھارەت قىلماساڭ ،
ئابى زاھىد ئاغزىڭە ئالما ، تەھارەتدىن ئەمەس .

سۇرەتىڭ ئالى مۇنەققەش ، سىرەتىڭدۇر خۇدنەما ،
ئالەم ئەھلى تۇف دېسۇن سۇرەتكى ، سىرەتدىن ئەمەس .

نىكۇ بەدنى ئۇل بىلۇر ، سەن بىلمەگەيسەن ، ئەي رەفىق ،
مەخلۇقى ئەللاھىغە كۈلمەك دىيانەتدىن ئەمەس .

تا ساڭا رۇزى ئەزەل ئۇستادى ئىشق ئۆرگەتمەسە ،
ئۇل ئەبۇ جەھلىڭ پىرى ، ئەھلى فەراسەتدىن ئەمەس .

دىيدە خۇنبارىڭنى مىسلى ئىيسادەك گەر تۆكمەسەڭ ،

يۈز نىسار ئەتكەن بىلە ئول ئەشك نەدامەتدىن ئەمەس .

تا جىگەر خۇنابەسى ھەسرەتكە تابىئ بولماسە ،
يەئنى ئۇمرىبھۇد ئۆتكۈزسەڭ ، ئىبادەتدىن ئەمەس .

چۇن ئەزەلدىن رۇسيەھلىك تۇشتى باشىڭگە سىنى ،
مۇجتەھىد قەبرىنى ياستانساڭ ، زىيارەتدىن ئەمەس .

تا يۈرەك قانىنى ھەق بىرلە بىر ئەلا قىلماساڭ ،
قالۇ ھال ئىلمىن ئوقۇساڭ ، ئول رىيازەتدىن ئەمەس .

كۆللى ھالىڭنى خۇداغە تاپشۇر ، ئاسى مەشرەبا ،
دىل مۇسەففا بولماسا ، ئەسلى سەكراتدىن ئەمەس .

※ ※

نەيلەيىن ، دىلداردىن بىگانە بولدۇم ئاقىبەت ،
يۈز غەمۇ ھەسرەت بىلەن ھەمخانە بولدۇم ئاقىبەت .

بۇ جۇدالىق ھەسرەتىدىن تاقەت ئەتمەي بىر زەمان ،
ھەجر جامىدىن ئىچىپ مەستانە بولدۇم ئاقىبەت .

نەچچە يىل كويىدا يۈردۇم ، يەتمەدىم ۋەسلىگە ھىچ ،
ھەجر خەمرىدىن ئىچىپ ، دىۋانە بولدۇم ئاقىبەت .

يارنى ۋەسلىگە يەتكەيمەنمۇ دەپ شامۇ سەھەر ،
ئۆرتەنىپ ھەجر ئوتىغە پەرۋانە بولدۇم ئاقىبەت .

ھەددىن ئاشتى بۇ مىنىڭ رەسۋالىقىم ئالەم ئارا ،
خەلقى ئالەم ئىچرە كۆپ ئەفسانە بولدۇم ئاقىبەت .

خانەئى ئەيشى نىشاتىمنى ھەمە بەرباد ئۇرۇپ ،



چۇغزدەك دەر كۇنجى ھەر ۋەيرانە بولدۇم ئاقىبەت .

خانىقاۋۇ كەئبەدىن ، مەشرەب ، مۇرادە يەتمەدىم ،
مەي ئىچبان ساكىنى بۇتخانە بولدۇم ئاقىبەت .

※ ※

كەلدى بۇ چەرخى فەلەك رەسۋائى دەرۋان ئاقىبەت ،
بارۇ يوقۇم بولدى ئاخىر يەرگە يەكسان ئاقىبەت .

غۇسسەۋۇ غەمدىن قۇتۇلمايدۇر غەرىب باشىم مىنىڭ ،
كىمنى ھەمدەردىم دىبدىم ، قىلدى پەرىشان ئاقىبەت .

ئاخىرى بىلمەم قەيەرگە ئىلتەدۇر بۇل ماتەمىم ،
غەمدىن ئۆزگە بولمادى دەردىمگە دەرمان ئاقىبەت .

سەرۋى ئازادلارنى قەددىن چەرخى گەردۇن قىلدى خەم ،
شىرلارنىڭ كارىنى مەرگ ئەتتى ئاسان ئاقىبەت .

ئۆرتەنۇرمەن ئاتەشى ھىجرانىدا مىسلى سىپەند ،
ماڭا كەلگەندە قوروۇپ قالدى گۇلىستان ئاقىبەت .

تەركى سۇھبەت ئەيلەدىم ھەمراھى ناقابىل بىلەن ،
رۇھى ئابادىنى تۇتتۇم ، بولدى ۋەيران ئاقىبەت .

بولماغىل پەست رەفقى ھىممەت ، چۇن بەلەند تۇت مۇرى لەڭ ،
ئۆزلىكىڭدىن بىرى كەل ، بولغىل سۇلەيمان ئاقىبەت .

ۋەقتى ئاخىر بولدى دەپ ، بىسيار چۇ يەئقۇب يىغلاغىل ،
يوقلاغاي شايەد سىنى يۇسۇفى كەنئان ئاقىبەت .

بىمەدارى بولماغاي ھەرگىز رەۋىشى بۇ جەھان ،

هادىسى بولغاي مۇيەسسەر روھى ئىنسان ئاقىبەت .

مېھرى كەتمەيدۇر دىلىمدىن چىقسە ھەم جانىم مېنىڭ ،
ئارزۇسىدۇر ماڭا ھەم دىنۇ ئىمان ئاقىبەت .

كىمگە دەرد ئايتايكى مۇندا مېھرىبانىم بولماسا ،
ئۆرتەدى جانىمنى كارى باپۇشەيمان ئاقىبەت .

خانە ـ خانە ھەسرەتىم مۇلكى دىلىمدا جۇش ئۇرار ،
قىلمادىم ئەرش ئۇستىدە بىرلەھزە جەۋلان ئاقىبەت .

جان چىقار ۋەقتىغە يەتتىيۇ ئۇزۇلدى تارى ئۇمر،
بىر سوراپ كەلسە نە بولغاي نامۇسۇلمان ئاقىبەت .

ۋەسلىگە يەتمەككە ئاشىقنىڭ ئىلاجى يوق ئىكەن ،
دەرد بولدى ئاخىرى مەشرەبكە دەرمان ئاقىبەت .

※ ※

ئانادىن بولدۇم ، جەھاندا بولمادىم شاد ئاقىبەت ،
يىغقانىم بولدى فەنا مۇلكىدە بەرباد ئاقىبەت .

دانە دەپ دامى مۇھەببەت تۇشتى باشىمغە مېنىڭ ،
دامى مېھنەتنى قۇرۇپ يولۇمغە سەيياد ئاقىبەت .

تولدى پەيمانىم مېنىڭ ، كويىڭدا جان بەرمەك ئىشىم ،
تىغى ھەسرەتنى قۇيۇپ ھەلقۇمغە جەللاد ئاقىبەت .

ئۇستىخانىم دۇدە بولغۇنچە سېنىڭ دەردىڭ بىلەن ،
شاھسەن ، ئەرزىمگە يەت ، قىلسام كېرەك داد ئاقىبەت .

سوفىلىق ئاسان ئەمەسدۇر ، ھەر كىشى راست ئاڭلاسا ،



قويدى يولدىن خەلقنى نالايىق ئىرشاد ئاقىبەت .

قالمادى جەمشىدۇ ئىسكەندەر ، قەنى ئەفراسىياب ،
تاپمادى دەستى ئەجەلدىن خانە ئاباد ئاقىبەت .

مەشرەبا ، نۇقسان ئۆزۈڭدە ، شاھ ھىداياتىڭ ، ۋەلې ،
نەفس ھەم مەردۇد ، ھەم فىرئەۋنۇ ، شەدداد ئاقىبەت .

※ ※

ئەي سەبا ، بارساڭ دۇئا دەۋلەتلى سۇلتانىمغە ئايت ،
مەن چۇ غەمخارە ، ۋەلې ئول دىل پەرىشانىمغە ئايت .

بىر چۇچۇك سۆزنىڭ گەداسى مەن ، جەھاندا بىكەسەم ،
قايغۇلۇق كۆڭلۈمنى ئالغان ياخشى مېھمانىمغە ئايت .

ماختانىپ ئىردىم جەھاندا ، بەھرە ئالماي بارىمەن ،
تىيرە بەختىمدىن بارىپ خۇرشىدى تابانىمغە ئايت .

چۇغزدەك ۋەيرانە تاپماي باش ئۇرۇپ مەن ھەر تەرەف ،
دەستۇ پايىنى يىتۇرگەن خانى ۋەيرانىمغە ئايت .

سېلى مېھنەت ئاخىرى قىلدى بۇ جىسمىمنى خەراب ،
مەنكى ئۆلگەن سوڭ بۇ ماتەمنى گورىستانىمغە ئايت .

دەفتەر ئاچ بىخانۇمانلىقدىن ئاشۇ مەھبۇبقە ،
لەيلىنىڭ داغىنى مەجنۇنى بەيابانىمغە ئايت .

دىلنى مەندىن ئۇزدى ، قانداق دىلنى ئاباد ئەيلەدى ،
ھەم ئەمىرىم ، ھەم ۋەزىرىم ، دىلبەرى جانىمغە ئايت .

غەم تەرازۇسىغە تۇشكەن باردى، ۋەزمىنمەن بۇ كۇن ،

شايەد ئۇل دادىمغە يەتتى ، شاھى دەۋرانىمغە ئايت .

ئەي نەسىمى ، مۇنىسى جانىم ، ئەزىزىم ، ھەمدەمىم ،
مۇستەھىقلەردىن دۇئايى شاھى مەردانىمغە ئايت .

خانۇمانىمنى ئانىڭ يولىدا تاراج ئەيلەدىم ،
ئەرزى ئىخلاسۇ دۇئا مەندىن ئۇ سۇلتانىمغە ئايت .

نەڭگى نامۇستىن كېچىپ كىردىم مەلامەت يولىغە ،
ھەم كۆزۈمنىڭ ئاقى ، ھەمدە شەمئى نۇرانىمغە ئايت .

راست كەلمەيدۇ ، ئۇلۇغ دەردىمنى ئىزھار ئەيلەسەم ،
جان فىدا قىلدىم ئانىڭ يولىدا جانانىمغە ئايت .

مەشرەبا ، ئۆمرۈمنى بەرباد ئەيلەدى چەرخى فەلەك ،
ئۇل سۇخەن سەنجۇ ، سۇخەن فەھمۇ ، سۇخەندانىمغە ئايت .

※ ※

نەمانگاندىن كېتەر بولسام ، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ ؟
غەرىبلىق شەھرىدە ئۆلسەم ، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ ؟

قېنى قەۋمۇ قارىنداشىم ، بۇ يولدا بولسا يولداشىم ،
كۆزۈمدىن ئاقغۇزۇپ ياشىم ، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ ؟

مۇھەببەت شەربەتى ئىچتىم ، قازاندەك قايناپان تاشتىم ،
بۇ فانىي دۇنيادىن كەچتىم ، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ ؟

تۇشۇپتۇ باشىمە سەۋدا ، رەمۇزى ئىشقدىن غەۋغا ،
ئۆزگە ئەيلەدى شەيدا ، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ ؟

تۇرارغە تاقەتىم يوقتۇر ، يۈرەرگە ھالەتىم يوقتۇر ،



يۈرەكتە ئىشق ئوتى چوقدۇر ، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ ؟

قەرارىم يوق تۇراي دېسەم ، نەمەنگاندە يۈرەي دېسەم ،
جەھاننى سەير ئېتىپ كەزسەم ، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ ؟

بۇ مىسكىن زار مەشرەبنىڭ كىشى ھالىنى بىلمەيدۇر ،
بۇ يەردىن باش ئالىپ كەتسەم ، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ ؟

※ ※

سېنىڭ دەردىڭگە ، ئەي دىلبەر ، جەھاندا ھېچ دەۋا بارمۇ ؟
يېتىپتۇ ھەلقۇمە جانىم ، مېنىڭدەك پۇر جەفا بارمۇ ؟

سەنەم ، ئىشقىڭ مېنىڭ ئاخىر بۇ ئۆمرۈمنى خەزان ئەتتى ،
يۈرەك پارە ، كۆزى ياشلىق ، مېنىڭدە بىنەۋا بارمۇ ؟

ئەگەر مەھشەر كۈنى چىقسام ، سېنىڭ ئىشقىڭدا داد ئەيلەپ ،
قىيامەت قازىسى بولساڭ ، سېنىڭدەك دادخا بارمۇ ؟

ھەمە ئاشىقلارىڭ ئىچرە ئىرۇرمەن زارۇ سەرگەردان ،
كى ئۆلگەن ئاستانەڭدە مېنىڭدەك ھېچ گەدا بارمۇ ؟

ئۇقۇپ ئۇل « لەيلى ـ مەجنۇن » نى ئىشتىكىل سوگرە بۇ قىسسەم ،
كۆيۈپ ھەجرىڭ بىلەن ئۆلگەن مېنىڭدەك مۇبتەلا بارمۇ ؟

ئاشۇ فەرھاد ئىلە مەجنۇن كۆرۈپ ئىشقىدا جان بەردى ،
فىراقىڭدا ئەدا بولغان مېنىڭدەك ماسىۋا بارمۇ ؟

زۇلەيخا بىرلە يۇسۇف ھەم چۇ دۇنيادىن فىغان ئەيلەپ ،
قوشۇپ بىر ـ بىرىگە ئاخىر ، سېنىڭدەك دىلرەبا بارمۇ ؟

تامامى ئاشىقى سادىق ھەمە مەقسۇدىغە يەتتى ،

ۋىسالىڭغە يېتەلمەي بىر مېنىڭدەك بىنەۋا بارمۇ ؟

دېدىم دىۋانەلىق بىرلەن بۇ سۆزلەرنى ، ئايا مەشرەب ،
خەتالارنى كەچۈرگۈچى سېنىڭدەك پادىشاھ بارمۇ ؟

※ ※

تىرىكلىكدە جۇدا بولغان كىشى يارىنى كۆرگەيمۇ ؟
فىراقى ھەسرەتىدە كۆرمەيىن سارغايىپ ئۆلگەيمۇ ؟

بولۇپ ھەيران ، كۆيۈپ بىريان ، ۋىسالىن تاپمايىن گىريان ،
بەھار ئەييامىدا بۇلبۇل كەبى گۈلگە قوشۇلغايمۇ ؟

نېچۈك بىدادلىق ئىش بولدىكى ، مەن سەندىن جۇدا بولدۇم ،
ئاقارغان كۆزلەرىمگە دەۋلەتى دىيدار بولغايمۇ ؟

مەن ئايتۇرمەن : كۆكۈل ئۈزگىل ، بۇ كۆكلۈم كۆكۈل ئۈزمەيدۇر ،
كۆكۈل ئايتۇركى : ئەي نادان ، كۆكۈل بەرگەن ئۈزۈلگەيمۇ ؟

سېنىڭ ئىشقىڭدا ، ئەي دىلبەركى ، مەندە قالمادى تاقەت ،
يەنە ئىشقىڭدا ئاھ ئۇرسام گۇزارى يار بولغايمۇ ؟

كەل ، ئەي ساقىي ، قەدەھ سۇنغىل ، بولايىن مەستۇ مۇستەغرەق ،
ئىنايەت بولماسە سەندىن ، تۆكۈلگەن كاسە تولغايمۇ ؟

ئەزەلدىن ئاشنا بولماق بەتەقدىرى خۇدا ، مەشرەب ،
بۇ ھىجران ئىلكىدىن ، دوستلار ، غەرىب جانىم قۇتۇلغايمۇ ؟

※ ※

مېنىڭ جانىمنى كۆيدۈرمەك ئۈچۈن ئارامى جان گۈلرۇخ ،
دىلىمنى غۇسسەدىن تولدۇردى ئول نامېھرىبان گۈلرۇخ .



كۆكۈل داغى ئاچىلدى ، تۇبىئى بەختىم سەمەر بەردى ،
ھىدايەت گۈلشەنىدە ئەندەلىبى بوستان گۈلرۇخ .

قادالدى كۆكسۈمە تىرى بەلا پەيكانى مىژگانىڭ ،
مېنىڭ جانىمغە جان بەردىكى ، ئول ئافاتى جان گۈلرۇخ .

مېنىڭدەك نەچچە سەرگەردانى بار يولىدا ئۆلتۈرگەن ،
بولۇپ مەجنۇن ماتەم شەھرىدە بىخانۇمان گۈلرۇخ .

كەمان ئەبرۇلارىگە جان قۇشى سەيد ئولدى ، نەيلەرمەن ،
كى مەن ئول شوخ چەشمى فىتنەئى ئاخىر زەمان گۈلرۇخ .

مۇيەسسەر بولمادى ماڭا ئەۋۋەلۇ ئاخىر ھەقىقەتدىن ،
قەدەم قويدى كۆكۈلنىڭ كۇلبەسىگە ، مېھمان گۈلرۇخ .

تەماشا قىلغۇدەك پۇرسەت كېرەك تاقەت قىلىپ بولسا ،
يۈزىن ئاچىپ تەكەللۇم ئەيلەسە شىرىن زەبان گۈلرۇخ .

ئەلەملىك مەشرەب ئېردىم ، ئول پەرىنىڭ دەردىدىن كۆيدۇم ،
مېنى ئاخىر دەمىمدە قىلدى بىنامۇ نىشان گۈلرۇخ .

※ ※

مەنى ئەۋۋارە بولغانىغە فىراق ئوتى دەۋا ئەرمىش ،
كۆيۈپ ئىشقىڭ بىلە ئۆلمەك بۇ ئاشىققە رەۋا ئېرمىش .

باقىبان سۆز قاتىپ ئۆتسەڭ مەنى سەرگەشتەگە ، دىلبەر ،
نە ئەيلەي جەننەتۇ ھۇر ھەم ماڭا شۇل مۇددەئا ئېرمىش .

ئايا ئالەم ئارا يۈرگەن ، جەھاننى ئوتتا كۆيدۈرگەن ،
تەرەھھۇم ئەيلەبان كۆرگىل كەمىنە بىنەۋا ئېرمىش .

يېتىپتۇر ھەلقۇمە جانىم ، نىچۇنكىم سەبر ئېتەي مەن زار ،
غەرىب جانىم ئالۇر بولساڭ ، نىگارا مەرھابا ئېرمىش .

سېنىڭ دەردى فىراقىڭدىن يۈرەكىم تەھ بەتەھ قاندۇر ،
كۆزۈم ياشلىق ، دىلىم غەملىك ، چۇ رەڭگىم كەھرەبا ئېرمىش .

بۇ ئالەمدە مېنى مۇنداق گىرىفتارى بەلا قىلدىڭ ،
قىيامەت قازىسى بولساڭ ، غەمۇ ھەسرەت گۇۋاھ ئېرمىش .

تەمامى ئالىمۇ زاھىد قولىغە تۇھفەسىن ئالسە ،
كۆيۈپ ھەيران بولۇپ ئاشىق نىيازى ئاھۇ ۋاھ ئېرمىش .

نە ئەيشى جەننەتۇ رىزۋان ، نەپەرۋانە چەمەن بۇلبۇل ،
كېزىپ ئالەم ئارا يىغلاپ سوراغى دىلرەبا ئېرمىش .

نەمازۇ تەقۋىسىن زاھىد قىلۇر ئالەم ئارا مەشھۇر ،
ئۆگۈرۈپ سۇبھەسىن تىنماي ئىشى دائىم رىيا ئېرمىش .

ئەگەر مەھشەر كۈنى مەشرەب ، كۆڭۈلنى ساپ ئېتەي دەرسەن ،
تەسەددۇق ئەيلەگىل جانىڭ ئول ئەسنا پادشاھ ئېرمىش .

※ ※

بىر باقىشىڭە جۇملەئى جانانە تەسەددۇق ،
شەھلا كۆزۈڭە ئاقىلۇ دىۋانە تەسەددۇق .

گەر چېھرەسىدىن پەردەسىن ئاچسە دىلبەر ماڭا باقسە ،
مەشئەل يۈزىگە مەن كەبى پەرۋانە تەسەددۇق .

ساقى بولۇبان سونسا قەدەھ ئاز ئىلە ھەردەم ،
ئول غەمزەسىگە ساغەرۇ پەيمانە تەسەددۇق .



لەئلى لەبىدىن جۇرئەئى مەينى تىلەپ ئالدىم ،
دۇر تىشلارىگە گەۋھەرى دۇردانە تەسەددۇق .

يۇسۇف سىفەت ئول جىلۋە قىلىپ كەلسە قاشىمغە ،
مەن ئۆرگەلەيىن ، كەئبەۋۇ بۇتخانە تەسەددۇق .

جانىڭنى ئەگەر بەر دېسە ئول دىلبەرى رەئنا ،
قۇربان بولايىن يولىدا ھامانە تەسەددۇق .

مىژگان ئوقىغە قىلسە بۇ جانىمنى نىشانە ،
جانىم بېرەيىن ، تىرىغە مەردانە تەسەددۇق .

گۇلگۇن كىيىبان چىقسە ئاشۇ دىلبەرى رەئنا ،
مەجنۇن بولۇبان ئۆرگۈلەيىن يانە تەسەددۇق .

ۋەئدە قىلىبان ئايتتى : « جەمالىمنى كۆرەرسەن ،
ۋەھدەت مەيىدىن ئىچكى ، بۇ پەيمانە تەسەددۇق .

مەشرەب سارى زۇلفۇڭ تاراسا رەشكى كېلەدۇر ،
زۇلفۇڭ تارىدىن بادى سەبا ، شانە ، تەسەددۇق .

※ ※

لامەكاننى شەھرىدە ئاشىقنى شەيدا قىلدى ئىشق ،
ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيالارنى ھۇۋەيدا قىلدى ئىشق .

جىلۋەسىنى كۆرسەتىپ زاھىردە ئەلگە رەڭ بەرەڭ ،
ئارۇ نامۇسدىن كېچىپ ئالەمگە غەۋغا قىلدى ئىشق .

شەيخ شىبلى ، شەيخ ئەتتار ئول « ئەنەلھەق » سۇھبەتىن ،
كۆردى ، ئىچتى بادەنى ، مەنسۇرنى داردا قىلدى ئىشق .

« كوفر ئايتتى ! » دەپ نەسىمي تىرەسىنى سويدىلار ،
گوشتۇ پوستىن سۆزلەتىپ ئالەمگە گويا قىلدى ئىشق .

شەيخ سەنئاندىن بولۇپ تۆرت يۈز مۇرىد ساھىب كەمال ،
كۆردى تەرسازادەنى خۇكبانۇ تەرسا قىلدى ئىشق .

بىلدىيۇ ئىشتتى مەشرەبىلىك قەرارى يوق ئىكەن ،
زاھىرىن گويا قىلىپ ، باتىننى بىينا قىلدى ئىشق .

※ ※

نەفسى سەركەش مۇددىئاسىدىن خۇدا بەرسۇن پەناھ ،
بۇ زەمانە مۇتتەكاسىدىن خۇدا بەرسۇن پەناھ .

ھىرقەئى بىچارە كىيمەكلىكمۇ رۇھى بەندەلىك ،
سۇفىنى دەلقى رىياسىدىن خۇدا بەرسۇن پەناھ .

جامەئى مەللە كىيىپ قىلغان ئىشى ھىيلۇ مەكىر ،
شەيخى ناقىس خانىقاھىدىن خۇدا بەرسۇن پەناھ .

ئۆزلەرى كامىل سىفەت ، ھەر لۇقمەسى ھەققى سەغىر ،
يۇرتنى ئول ساھىب دۇئاسىدىن خۇدا بەرسۇن پەناھ .

لاپ ئۇرار « ئەبدالى ۋەقت مەن » دەپ ، سۆزىدە مەئنى يوق ،
بول زەمانە رەھنەماسىدىن خۇدا بەرسۇن پەناھ .

مەرد لەشكەر يوسۇنىدا قولىغە تەسبىھ ئالىپ ،
شەيخنى رەڭگىن ئەساسىدىن خۇدا بەرسۇن پەناھ .

مۇتتەقىلىق دەئۋى ئەيلەپ ، ئۆزلەرىنى پىر تۇتۇپ ،
ئاخىرى ۋەقت پارساسىدىن خۇدا بەرسۇن پەناھ .



بۇل قەلەندەر جەندەسىنىڭ تارىدا زۇننارى يۇق ،
باشىغە كىيگەن كۇلاھىدىن خۇدا بەرسۇن پەناھ .

مەشرەبى شورىدەنىڭ قىلغان دۇئاسىن قىل قەبۇل ،
ئول سەھەرخىزنى دۇئاسىدىن خۇدا بەرسۇن پەناھ .

※ ※

كى ھالا بۇرقى سەرمەستمەن ، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر ،
مۇدام ھۇشيار ئەمەس مەستمەن ، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر .

قىلاي سەۋدائى بامەئنى ، ھەقىقەت يولىدە يەئنى ،
بولاي ئەدلىگگە مەن قانىئ ، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر .

قۇلۇبى ئارىفى بىللاھ ، ۋەلېكىن زاتى بىسمىللاھ ،
تاپاي رۇھى خەلىلۇللاھ ، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر .

قىلاي شورىش مەھشەرگە ، ئاچاي دەفتەر پەيەمبەرگە ،
دىيەي ئەرزىمنى ئەكبەرگە ، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر .

قىلاي ھەردەم تىلاۋەتنى ، ئاچىپ دىلدىن جاراھەتنى ،،
كۆتۈرگىل كوھى غەفلەتنى ، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر .

كى مەئلۇم يوقتۇر ئەبياتىم ، بىلەلمەم قايسىدۇ زاتىم ،
جەھاننى تۇتتى زەرراتىم ، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر .

سەرئەفرازى مۇھەببەتمەن ، كەمالى نۇرى رەھمەتمەن ،
نە پەرۋائى قىيامەتمەن ، ماڭا دەۋزەخى تەنھا بەر .

ھەقىقەت مىھمانىمە ، جەھاننىڭ نۇكتەدانىمەن ،
فەلەكدىن شىكۋە كانىمەن ، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر .

تۇتاي دامانى مىھنەتنى ، ئاتا قىلغىل بۇ ھىممەتنى ،
ئۇراي كۇسى مۇھەببەتنى ، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر .

نىدا قىلدىكى ، ئەي مەشرەب ، سېنى مەن جەننەتى قىلدىم ،
بۇ يولدا ئەيلەگىل تەسلىم ، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر .

※ ※

رۇھرەۋانلار كەتتىلەر ، مەن قالدىم ھەمراھدىن جۇدا ،
چۇن خەرابە شەھر ئولاركىم ، ئادىل ئول شاھدىن جۇدا .

مەن تەسەددۇقى ئاشۇنداق ئالى ھىممەتلەر بولاي ،
لەھزەئى كۆڭۈلنى قىلسە مىھر دۇنيادىن جۇدا .

نائۇمىد بولسە مۇرىدى پىرىدىن مۇرتەد كېتەر ،
بىسەمەر بولغاي دەرەختكىم بولسە دەريادىن جۇدا .

كىميادۇر ئىشق ، ئەنقادۇر تەبىپ بولماس ئانى ،
كىمگە تۇشتى قىلدى ئۇل دۇنيائى ئۇقبادىن جۇدا .

مەن ئاشۇ تىفلىكى مىلك كەررەھ سەرگەردانىمەن ،
ھىچ شاگىرد بولماسۇن بىرلەھزە ئۇستادىن جۇدا .

ھەر قەدەم قويساڭ ئۆزۈڭنى سەن سىرات ئۇستىدە بىل ،
قىلما دىلنى سائەتى ئەستەغپۇرۇللادىن جۇدا .

زۇلمەت ئەفزۇن بولسا گەر شەمسى جەھاندىن نۇر كېتەر ،
دىيدە قايدا قىلسا چۇن بۇل مىسنى تىللادىن جۇدا .

مەشرەبا ، پىر ئىزلەمەگىل ، ئەمدى مۇرادى دىل تىلە ،



بولماغىل سەن بىر دەمى ئاخىرقى سەۋدادىن جۇدا .

※ ※

ئول ئەگەر بىر لۇتف قىلسە تەلخىنى شىرىن قىلۇر ،
تۆكسە رەھمەتنى خۇدا كافىرنى ھەم مۇئمىن قىلۇر .

قابىلى مەئنى كېرەك باغرى بۇ يولغە ھەم نىشىن ،
نەچچە بىر تەلقىن بۇ يولدا ، باز يەنە تەمكىن قىلۇر .

مارى ئەفيۇندىن بەتەردۇر نارەسانىڭ سۇھبەتى ،
كىمكى ناقابىل بىلەن يۇرسە دىلىن چىركىن قىلۇر .

تەندە جانىڭ باربدا سەن دامەنى كامىلنى تۇت ،
زىكرى ھەقنى نىكلەر كۆڭلىگە خۇپ تەلقىن قىلۇر .

ئافتابى ۋەقت ئۆتتى رۇھى شەمسىددىنگە بار ،
بىر نەفەسكە نەچچە سەندەكنى بەھاۋەددىن قىلۇر .

مەئرەفەتنىڭ تالىبى بىرلەھزە بىغەم يوق تۇرۇر ،
بارە - بارە كاھىلى ئاخىر سېنى بىدىن قىلۇر .

جامەئى دەستار بىرلە سوفىلىق قىلماق مەھال ،
بۇ لەھەدنىڭ گەردى يۇزمىڭ بەندەنى غەمكىن قىلۇر .

ئافتابىڭ ئۆتمەيىن ، مەشرەب ، قوپۇپ پىكرىڭنى قىل ،
نىك خەلقلەرنىڭ دۇئاسى دىلنى ساھىب دىن قىلۇر .

※ ※

سېنىڭ ۋەسلىڭ تىلەپ دۇنياغە بىر ساھىب ئەدا كەلدىم ،
غەمىڭنى دىلغە جا ئەيلەپ ، ئەلەمگە ئاشنا كەلدىم .

ئەگەرچە كۆڭۈل ئالدۇردۇم، كۆڭۈلنى ئۆزمەدىم ئاندىن،
سەبەپ بولدۇر: نىكۇلەر دىيدەسىگە تۇتىيا كەلدىم.

غەمىڭ باشىمغە تۇشتى، بىر ئەجايىب شورىشى سەۋدا،
ئەزەل كۈندىن نىتەي، نەيلەيكى، مەن بەختى قارا كەلدىم.

كى سەنىسىز ئىككى دۇنيادە تىرىكلىكنى نىتەي، جانان،
كەرەملىك پادىشاھىمسەن، يولۇڭغە بىر گەدا كەلدىم.

ئاقۇز رەھمەتنى دەرياسىن غەرىبلىك ئۈستىگە، يا رەب،
ئەگەرچە يولۇڭغە سەر تا قەدەم غەرقى گۇناھ كەلدىم.

كىرىپ دەريايى رەھمەتكە مۇدام غەرقاب ئىدى جانىم،
ھەقىقەت بەھرىگە قالغان دۇرى قىيمەت بەھا كەلدىم.

قەنائەت شەھرىگە كىردىم تەماشائى جەھان قىلدىم،
ۋۇجۇدۇمنى ئۇرۇپ بەرھەم، بۇ ئالەمدىن فەنا كەلدىم.

رەفىق ھەر كىم بىلەن بولدۇم، سۇئالى ئاخىرەت قىلدىم،
بەھەر نەۋئىدە بولسام ئۇممەتى ئۇل مۇستەفا كەلدىم.

ئىلاھا، مەشرەبىڭنى ياخشى ئىنسانلارغە ھەمدەم قىل،
گەدالىق ئىختىيار ئەتتىم يولۇڭدا پادىشاھ كەلدىم.

※ ※

ئەيىيۇھەس ـ سۇلتانى ئالەم، پادىشاھىم، مەرھەبا،
ھەزرەتىم ئەللاھۇ ئەكبەر، كەچ كۇلاھىم، مەرھەبا.

بولماغاي بىچارەنى ھەم سەندىن ئۆزگە چارەسى،
مىھرىبان تەڭرىم، ئىگەم، پۇشتى پەناھىم، مەرھەبا.



قولھۇۋەللاھۇ ئەھەد ئاتىڭنى رۇھىم تىڭلىغاي،
دەۋۋۇم ئەللاھۇس ـ سەمەد سەنسەن ئىلاھىم، مەرھەبا.

داغى ھەسرەت ئۆرتەدى مەشرەبنى ھەردەم سائەتى،
شەمئىسەن، پەرۋانەمەن، ئەي مىھرىبانىم، مەرھەبا.

※ ※

نى دىماغىم بار ئىدى، مەرگ قىلدى مۇنداق بىدىماغ،
يانماغاي تائەت بىلەن ھەق ئەمرىدىن ئۆچكەن چىراغ.

كاشكى خاكىمگە باشتىن كۇزەگەر دەست ئۇرماسە،
ئەرزەنىگە ئەرزىمەس يول ئۈستىدە سىنغان تاۋاغ.

سۇفىلارنىڭ مەزھەبىگە ھەر زەمان مەھشەر ئېرۇر،
بىزگە چۇن مەھشەر يەقىن، غافىللارغە ئەرتەراغ.

چۇنكى دۇنيادا زىيادە شاخدۇر، جىسمىڭ ئەبەس،
تا بۇ سەرمادىن ئەمان تاپماي سەمەر بەرمەس بۇ باغ.

ھالا مەغرۇر جۇملە دەستار پەش بىلەن ئەۋۋارەدۇر،
تاڭلا مەھشەر بولسە مەئلۇمدۇركى بۇلبۇل، قايسى زاغ.

بۇ ھەۋالارنى سىرىڭدىن كەندە قىل، مەشرەب، بۇ كۈن،
چۇن ئەزازىلنىڭ ھەۋاسى گەردەنىگە بولدى داغ.

※ ※

دوستلارىم، مەن نارەسالارنى راسا قىلدىم بۇ كۈن،
مۇنچە بىجالارنى كۆردۈم، جا بەجا قىلدىم بۇ كۈن.

سۇرە ياسىننى ئېتىپ خەتم، خۇدا دەپ يىغلادىم،

باشىمى سەجدەگە قويۇپ كۆپ دۇئا قىلدىم بۇ كۈن .

ئەرشۇ كۈرسى ، لەۋھۇ قەلەمنى سەير ئېتىپ ئالدىم جەۋاب ،
مەن مۇھەممەدنى سۆيۈپ دوستى خۇدا قىلدىم بۇ كۈن .

ھەر كەسى ناكەس بىلەن ئۆزۈمنى مەن تەڭ ئەتمەدىم ،
كۆڭلى سۆيگەن بەندەلەرگە رەھنەما قىلدىم بۇ كۈن .

سوفىلار مەغرۇر ئېرۇرلار تائەتۇ تەقۋاسىغە ،
كىمكى ماڭا تەئنە قىلدى رۇ سىيا قىلدىم بۇ كۈن .

سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەمنى تۇشۇردۇم تەختدىن ،
يادى ھەقنى كۆڭلىگە سالدىم ، گەدا قىلدىم بۇ كۈن .

چۈن ئەزازىلدەك كىشىلەر ئۆزنى رەسۋا ئەيلەدى ،
تەۋقى لەئنەتنى ئانىڭ بوينىغە جا قىلدىم بۇ كۈن .

ھەر كىشى ئىخلاس بىلەن دىۋانىنى مەھكەم تۇتار ،
قول ئاچىپ ھەققىگە ئانىڭ كۆپ دۇئا قىلدىم بۇ كۈن .

لاپ ئۇرار بولساڭ بۇ يولغا كىرمەگىل ، ئەي مەشرەبا ،
نەچچە يىللىق بىئىماننى بائىمان قىلدىم بۇ كۈن .

※ ※

ئەي مۇسۇلمانلار ، قەزا تاپسام كېرەك ،
نۇرى ھەقدىن كىميا تاپسام كېرەك .

مەن شەھىد ئۇلسام كەفەنگە چۇلغاماڭ ،
ئۇشبۇ دەلقىدىن شىفا تاپسام كېرەك .

دارى مەنسۇرى ئەنەلھەق جايىدۇر ،



باش بېرىپ يۇزمىڭ نىدا تاپسام كېرەك .

« رەببەنا ئىننا زەلەمنانى » ئوقۇپ ،
نەشئەئى « قالۇ بەلا » تاپسام كېرەك .

بەد مەرگىم مەن غەرىبى خەستەنى ،
بەندۇ بەندىمدىن جۇدا تاپسام كېرەك .

ئانائى زارىمغە بەرمەڭلەر خەبەر ،
بەلخ شەھرىدە قەزا تاپسام كېرەك .

※ ※

كىمكى مۇئمىندۇر مۇدام چەشمى تەرى پەيدا قىلۇر ،
تەنكى بەكتەر پۇش بولدى لەنگەرى پەيدا قىلۇر .

دۇشمەنىڭ ئۆتسە تەۋازۇ ئەيلە ، مەغرۇر بولماغىل ،
خار ئاياغ ئاستىغە تۇشسە نەشتەرى پەيدا قىلۇر .

گەرچە ناقابىلدۇ سەن قابىل بىلەن ھەمخانە بول ،
بىخەبەرلەر سۇھبەتى دەردى سەرى پەيدا قىلۇر .

ئۇمر سەر تا پا ئۆتۇپ كەتتى ، ھەنۇز غەفلەتدەسەن ،
ماھ پەستدىن ئۆتتى كەم ـ كەم لاغەرى پەيدا قىلۇر .

بەس ، جەھاندىن كەتكەنىڭگە غەم يىمەكى ، بۇ فەلەك ،
سەنكى كەتتىڭ ، ئورنىڭە ئىسكەندەرى پەيدا قىلۇر .

مەن تەسەددۇقى ئاشۇنداق ئالى ھىممەتلەر بولاي ،
چار دىۋارى بولۇپ گۇشى كەرى پەيدا قىلۇر .

مەشرەبا ، ئۆلگۈنچە سەن بىدەسقۇ پالار خاكى بول ،

كىمياغە مىس قوشۇلسە جەۋھەرى پەيدا قىلۇر .

※ ※

ئەي كەسەل ، باشىڭنى ئۇر ، يانىڭدىن لۇقمان كەتمەسۇن ،
ھېچكىم مەندەك بۇ كۇن چاكى گىرىبان كەتمەسۇن .

ئانقەدەر زىكرىڭە مايىل بول ، ئەگەر چىن بەندەسەن ،
خانەئى كۆڭۇلنى تەك تۇتما ، بۇ مىھمان كەتمەسۇن .

مەرگ ئاساندۇر بۇ يولدا ، بەندەلىك قىلماق قىيىن ،
كەتسەجان كەتسۇن ۋەلې مۇئمىندىن ئىمان كەتمەسۇن .

يولدا قالسە ، كوزا سىنسا ئەرزەنگە ئەرزىمەس ،
ھېچكىمنى كوزەسى دەرزەخمى خۇمدان كەتمەسۇن .

بەندەنى ئەيىبنى كىم قىلدى ، خۇدا قەھر ئەيلەگەي ،
ھېچ كىشى دۇنيادىن ئەمما غەرقى ئىسيان كەتمەسۇن .

ئەۋۋەلى مۇئمىن كېلىپ ، بىرلەك مۇرىدقە قول بېرىپ ،
ئاخىرى چۇ بارىسى ھەمراھى شەيتان كەتمەسۇن .

بارچە ئىش ئاسان ئېرۇر ، مەشرەبكە مۇئمىنلىك قىيىن ،
بىئىمان ھېچكىم بۇ دۇنيادىن گۇرىستان كەتمەسۇن .

※ ※

شادىمانلىق ئىزلەمە ، ئاخىر باشىڭغە غەم كېلۇر ،
ئادەمنىڭ باشىغە ئەندىشەئى ماتەم كېلۇر .

ئاسمانغە يەتسە باشىڭ مىسلى مۇسا خامۇش ئول ،
ھەر دەرەخت پۇر مىۋە بولغان سوڭرە باشى خەم كېلۇر .



ئادەمنىڭ ئەسلى بىردۇر ، بىر ـ بىرىدىن فەرقى بار ،
نەچچە قەرن ئۆتكەن سوڭۇن دۇنياغە بىر ئادەم كېلۇر .

ۋەھمى مەھشەردىن گەپ ئۇرماڭ نارەسانىڭ ئالدىدا ،
گۇشى كەرغە ھەق سۆزى ئەلبەتتە ناپارەم كېلۇر .

يىغلاماق ئاسان ئەمەسدۇر ، ئەي جىگەر بەندىم ئىشىت ،
مۇلكى دىل سەدپارە بولغان سوڭ كۆزىڭدىن نەم كېلۇر .

ئالىمى ئىلمىغە مەغرۇر ، جاھىلى ئىسيانغە غەرق ،
كەس نەبىلسۇن ، روزى مەھشەر كىمنى تاشى كەم كېلۇر .

ياشلىغىڭدا يولغا كىرگىل ، تاكى تاپقايسەن كەمال ،
گەر جەراھەت كۇھنە بولغان سوڭرە بىمەلھەم كېلۇر .

مەشرەبا ، سىينەمدەكى دەردىمنى ئايتسام ئەرش كۆيەر ،
يول خەتەردۇر ، قورقامەن ، مەجلىسكە نامەھرەم كېلۇر .

※ ※

ۋەقت تەلەۋۋۇندىن ئۆتۇپمەن مۇجدەئى تەمكىن مەنەم ،
كەيفىيەتنى ئىزلەگەن ھالاكى تەجرىدىن مەنەم .

نەقش دەۋلەت مۇھرىنى نەفسىمگە باستى چۇن ئەجەل ،
شەمس تەبرىزى مەنەم ، گاھى جالالىددىن مەنەم .

خىلۋەتى راھى ۋەتەن تاپتىم ، نىشانىم قالمادى ،
گاھى نەجمىددىن مەنەم ، گاھى بەھاۋىددىن مەنەم .

ھاسىلىم دۇنياۋۇ ئۇقبادەكى ھەرسۇ كەلدى بەس ،
بىر نەزەر ھالىمغە قىلغىل رۇھى شەمسىددىن مەنەم .

چۇن خەمىر بولدى بۇ خاكىم شورىشى مەھشەر بىلەن ،
تاشلا دىلدىن فىكرەتىڭنى ، شەيخى مەجدىددىن مەنەم .

مەشرەبى دىۋانەدۇرمەن ، ھېچ كىشى بىلمەس مېنى ،
گاھ كامىل ، گاھ فازىل ، گاھى چۇن مۇئمىن مەنەم .

※ ※

تەرازۇئى ئەمەلنى قولغە ئال ، سوڭرە بەرابەر تۇت ،
خەتەرلىك يولداسەن تا جۇستۇ جۇ قىل ، ياخشى رەھبەر تۇت .

ئىمانىڭ شەمئىنى رەۋشەنگەرىدۇر ھەمدەمى قابىل ،
قولۇڭدىن كەلسە دائىم ياخشى خەلقلەرنى بەرادەر تۇت .

مەقامى قۇربەت ئوتىنغە ئەرگەر كىرسەڭ ـ ھۇزۇر تاپساڭ ،
ئۆزۈڭ زەھرابە يۇتقىل ، خەلقىنىڭ كامىغە شەككەر تۇت .

باغىر قانى ، كۆزۈڭ ياشى ، قەدى خەم بىرلە ئاھ تارتقىل ،
شەفائەت ۋەقتى بولدى ، ئۇندا دامانى پەيەمبەر تۇت .

باشىڭ گەردۇنغە يەتسە ، بولماغىل زىنھار خۇرسەندى ،
ئۆزۈڭنى ھەر خەسۇ خاشاكدىن ، ئەي بەندە ، كەمتەر تۇت .

بەلا كۆرگەن كىشىلەر مەجلىسىنى ئارزۇ قىلغىل ،
كى ھەر شۇم لادەنى كۆرسەڭ ، ئۆزۈڭنى مۇندە بىھتەر تۇت .

تەرەددۇد ئەيلەگىل زەڭگى دىلىڭ شايەدكى ساف بولغاي ،
ھىدايەت كوچەسىنىڭ رىندى بول ، دامانى مەھشەر تۇت .

ئۇلۇغمەن دەپ تەكەببۇر پىشە قىلمە مۇشتى پەرلەرگە ،
سەرەفرازى تاپاي دېسەڭ ، دەۋامەت دىيدەنى تەر تۇت .



ھەۋەس بازارىنى دۇر ئەيلەگىل زىنھار باشىڭدىن ،
كۆڭۈلنى ئىككى دۇنيادىن ئۆزۈپ ، دىلنى قەلەندەر تۇت .

بەھايىمدەك يېمەك ـ ئىچمەكنى سەرگەردانى كۆپ بولما ،
كەفەن پىچغىل ئۆزۈڭگە ، دىلدا ئۆلمەكنى مۇقەررەر تۇت .

ئەدەم سەھراسىدىن دۇنياغە كەلدىڭ بەندە بولسام دەپ ،
كەمەر باغلاپ بېلىڭگە زىكرى تەسبىھى ئەرەنلەر تۇت .

بۇ زىندان خانەدىن ئۆتتۈڭ ، كۆرۈندى جەننەتۇل ئەئلا ،
بەلەند ئەت ھىممەتىڭنى مۇندا كەلدىڭ ، مىسلى ھەيدەر تۇت .

ئۆزىنى بىلمەگەن بىدەردلەرگە ئاچماغىل دەفتەر ،
خەلىلدەك ئوتنى گۇلزار ئەيلەگىل ، خۇيى سەمەندەر تۇت .

بۇ يەردە يارى بەرسە لۇتفى ھەقدىن گەرچە ئىقبالىڭ ،
ئەدالەت مۇلكىنىڭ سەر رىشتەسىنى مىسلى ئۇمەر تۇت .

بۇ فانى دۇنيادىن ، مەشرەب ، يېتىشسەڭ باقى ئوقباغە ،
سىراتەل ـ مۇستەقىمدىن ئۆتتۈڭ ، سوڭرە راھى دىگەر تۇت .

※ ※

ئەمدى كەلدىم مەن مۇھەببەت گەنجىنى ۋا قىلغالى ،
تاكى كۆز ئاچتىمكى مەن ئەرشنى تەماشا قىلغالى .

ئۆزگەلەر قەدرىڭ نە بىلسۇن سەندە ئول كۆز بولماسە ،
يەتتى لەك يىل بولدى بىر خەلق تەركى دۇنيا قىلغالى .

دىلدا سۆيىمزكى ، ئەۋسافى ھەقىقەت بىزدەدۇر ،
باتىنىن ئاباد ئېتىپ ، زاھىرنى رەسۋا قىلغالى .

ياسۇمەندىن شەۋق ئوتىغە بۇ ئۇشەتكەن خەلقىمىز ،
مۇددەتى بولدى مۇھەممەد مىھرىنى جا قىلغالى .

مەن ئىشتىتىم ئەكسەرى رۇھى ھەققەت بار ئىمىش ،
ئۇندا سەرمەست بارىمەن ، مەن مىسنى تىللا قىلغالى .

جىبرەئىلدەك مۇستەفانىڭ مۇلكىگە مەزبۇت ئىدىم ،
لامەكاننى سۇيىدىن كامىمغە ھەلۋا قىلغالى .

مەشرەبا ، سەرمەستلەردەك ھەر زەمان قاينار دىلىم ،
باز كەلدىم ئاخىرەت يولىدا سەۋدا قىلغالى .

※ ※

دەخل قىلما جۇملەدىن ھالا مۇبەررامەن بۇ ۋەقت ،
ئىككى ئالەم نەقدىدىن چۈن دەستى كۇتاھمەن بۇ ۋەقت .

يەتتى مىڭ ئالەم ۋۇجۇدىمغە سىغار پۇر بولماغاي ،
مەنكى تەجدىدى ئاشۇ ھەمراھى ئىيسامەن بۇ ۋەقت .

كوھى ھامۇندۇر دىلىم ئەرش ئالدىدا بىر قەترەئى ،
مۇنتەزىرى ۋەئدەئى « ئىننە فەتەھنا » مەن بۇ ۋەقت .

گەر كۆتەرگەنمەن باشىمغە بۇ فەلەكنى ، ئەي ئەزىز ،
مەن شۇ سائەت فارىغ ئەز دۇنيايى ئۇقبامەن بۇ ۋەقت .

نامى نەگىمنىكى ئەرش ئەئلاغا پۈتتى جىبرەئىل ،
دەۋلەتىمدىن نۇر يېتەر ئالەمگە ، دەريامەن بۇ ۋەقت .

گەرچە زاھىر مۇرى لەگمەن ، ئەرزەنىگە ئەرزىمەم ،
باتىنىمغە خۇب نەزەر قىلمايمۇسەن ، شاھمەن بۇ ۋەقت .



زۇلفىقارى ھەيدەرى ھالا مېنىڭ دەستىمدەدۇر ،
ھەشت جەننەتنىڭ كەلىدى مەندە ، يەكتامەن بۇ ۋەقت .

ئاشىقەم مەن ، كامىلەم مەن ، سۇفىيەم مەن ، سۇفىيەم ،
خىرقەئى زاتى جەمالى كەئبەتۇللامەن بۇ ۋەقت .

سايەئى رەھمەت مېنىڭ باشىمغە تۇشكەندۇر بۇ كۈن ،
ئىككى دۇنيا ھاسىلىدىن دەستى كوتاھمەن بۇ ۋەقت .

ھىممەتىم بار ، يەتتى دەۋزەخنى يۇتار غەمكىن دىلىم ،
بايەزىددەك مەن ئەدەم شەھرىدە تەنھامەن بۇ ۋەقت .

دارى مەنسۇرنى كۆر ئەمدى ، مەن خەلىل ئاسا باراي ،
خوجە ئەھرارى ۋەلىدەك مەست شەيدامەن بۇ ۋەقت .

نەچچە گۇمراھلارغە سايەم تۇشسە ، غەرقى نۇر بولۇر ،
دىل بىنا بولسۇن دېسەڭ ، ھەمراھى ئەللاھمەن بۇ ۋەقت .

ئەرشۇكۇرسىدا تاپالماگدۇر مېنى رۇھىمنى سەن ،
ئابرۇيى ھەم ئۇ دۇنيا ، ھەم بۇ دۇنيامەن بۇ ۋەقت .

سۇرى ئىسرافىلنى تارتقان روزى مەھشەردە ئۆزۈم ،
جۇملە ئاشىقلار ئىچىندە زىندۇ رەسۋامەن بۇ ۋەقت .

ۋاسىلى دۇنيائىمەن ، مەشرەب ، كىشى بىلمەس مېنى ،
مىسلى مەجنۇن مۇنتەزىرى مەستى لەيلامەن بۇ ۋەقت .

# مۇرەببەلەر

※ ※

سويلاپ ، سويلاپ ناز قىل ، مەن ئۆرگۈلەيىن ،
نازىڭ ئالدى كۆڭلۈمنى ، نازۇك نىھالىم ،
تۇرلۇك ، تۇرلۇك جىلۋەڭگە جانىم بېرەيىن ،
ئالتۇن ، كۆمۈش يولۇڭغا چېچىش خەيالىم .

خەمچە ـ خەمچە قاشلارىڭ ، بادام قاپاقىڭ ،
خۇمار ـ خۇمار كۆزلەرىڭ ، يۇسۇف سىياقىڭ ،
چىقتى جانىم ، ئەي پەرى ، ھەي ـ ھەي فىراقىڭ ،
ئەمدى ساڭا بولسۇن بۇ مېنىڭ ۋەبالىم .

چۇچۇك ـ چۇچۇك سۆزلەرىڭ شەكەردىن ئارتۇق ،
مۇنچە لەبىڭ ئەسەلدەك بولۇرمۇ تاتلۇق ؟
خالۇ خەتىڭ قويۇپ داغ باغرىمغە ئوتلۇق ،
ئارەزى رۇخسارىڭغە ياندى چىراغىم .

قارا ـ قارا كۆزلەرىڭ مۇغان نەشئەسى ،
خىرمەن ـ خىرمەن جەمالىڭ زىلال چەشمەسى ،
ئاشىقلارىڭنىڭ ئاھۇ نالە تۇشەسى ،
مەن بىر ئۆلۈك مۇرتەكمەن ، قانى مەدارىم ؟

چەمەن ـ چەمەن گۇللارىڭ ، نىھاللارىڭدىن ،
سانىسىز يارا كۆڭۈللەر مىژگانلارىڭدىن ،
ئىشق ئەيلەسە يىگىت ـ قىز ئوغلانلارىڭدىن ،
دۇنيا ـ دۇنيا ئاچىلۇر لالە ئۇزارىم .

دۇنيا ـ دۇنيا يىغلاغىل ، مەشرەب ، ياش ئاقسۇن ،
ئاشىق ئېلىن كۆڭلىنە ئوت بولۇپ ياقسۇن ،

غەفلەتدە يۇرۇگەنلەر بۇ ئۇتدە يانسۇن ،
كۆيۈپ ـ كۆيۈپ كۇل بولسۇن بۇ كارى بارىم .

※ ※

ئەۋۋەل ئايتايىن ھەمدى خۇدايىم ،
دەۋۋۇم دۇرۇدى ئول مۇستەفايىم ،
مەندىن ئۇزاقتا ئول دىلرەبايىم ،
ئەي باد ، يەتكۈزد يارغە سەلامىم .

ئول مىھرىباندىن بولدۇم جۇدايى ،
ئىشقىدا كۆيدۇم ، بولدۇم ئەدايى ،
تاشلارنى ياردى كۆكسۇمنىڭ ئاھى ،
ئەي باد ، يەتكۈز يارغە سەلامىم .

كۆرمەي يۈزۈڭنى دىۋانە بولدۇم ،
خەلقى جەھاندىن بىگانە بولدۇم ،
يۈز دەردۇ غەمگە ھەمخانە بولدۇم ،
ئەي باد ، يەتكۈز يارغە سەلامىم .

يارىم يانىمدىن ئول كۈنكى باردى ،
تىغى جەفاسى كۆكسۇمنى ياردى ،
كەتتى دىل ئۇچۇپ ، جان قۇشى قالدى ،
ئەي باد ، يەتكۈز يارغە سەلامىم .

ياردىن جۇدامەن ئۆلگۈنچە بولدۇم ،
قانلارنى يۇتتۇم ، ھەسرەتكە تولدۇم ،
دەردۇ غەمىدىن ، ۋەللاھكى ئۆلدۇم ،
ئەي باد ، يەتكۈز يارغە سەلامىم .

نامە پۈتۈرمەن ئول قارا قاشقە ،



ھەجرىدە نەيلەي كۆز تولدى ياشقە ،
ھەردەم ئۇرارمەن باشىمنى تاشقە ،
ئەي باد ، يەتكۈز يارغە سەلامىم .

كۆكسۇمنى دەردىن تاشە بىتەرمەن ،
ھەسرەتتە باشىم ئالىپ كېتەرمەن ،
ئانىڭ كويىدا ، ۋەللاھ ئۆتەرمەن ،
ئەي باد ، يەتكۈز يارغە سەلامىم .

قايدىن تاپارمەن ئول شوخى خۇبان ،
دەردۇ غەمىڭدىن بولدى يۈرەك قان ،
كەلمەدى ھەرگىز ئول نامۇسۇلمان ،
ئەي باد يەتكۈز يارغە سەلامىم .

كەيگەن تونۇمنى مەردانە پىچتىم ،
ئىشقىن شەرابىن رىندانە ئىچتىم ،
غۇربەت سۈيىدىن مەستانە كەچتىم ،
ئەي باد ، يەتكۈز يارغە سەلامىم .

قاچان كۆرەرمەن يارىم يۈزىنى ،
قەلەم قاشىنى ، شەھلا كۆزىنى ،
دەفتەر ئېتەرمەن ھەربىر سۆزىنى ،
ئەي باد ، يەتكۈز يارغە سەلامىم .

كېچەۋۇ كۈندۈز تىنماي يۈرۈرمەن ،
ۋەيرانەلەردە ئىتدەك ئۆلۈرمەن ،
ۋاھەسرەتا ، دەپ كۆرمەي ئۆلۈرمەن ،
ئەي باد ، يەتكۈز يارغە سەلامىم .

ھىجراندا مەشرەب ئەفغان ئېتەدۇر ،

باغرىنى چەندان بىريان ئېتەدۇر ،
كۆزىنى ھەردەم گىريان ئېتەدۇر ،
ئەي باد ، يەتكۈز يارغە سەلامىم .

※ ※

ھەمدۇ سەنالار ئايتاي خۇداغە ،
يارغا يېتەر كۈن بارمۇ ، يارانلار ؟
يەتكەيمۇ دادىم نازۇك ئەداغە ،
يارغا يېتەر كۈن بارمۇ ، يارانلار ؟

شۇم تالىئىمدىن كۆردۈم جەفانى ،
زالىم رەقىبلەر كۆردى ۋەفانى ،
ھالىم سور ئەمدى ، بەرگىل دەۋانى ،
يارغا يېتەركۈن بارمۇ ، يارانلار ؟

بۇلبۇلدەيىنكىم فەرياد ئېتەرمەن ،
ئىشق دەفتەرىنى بونياد ئېتەرمەن ،
كۆڭلۈمنى بىردەم مەن شاد ئېتەرمەن ،
يارغا يېتەر كۈن بارمۇ ، يارانلار ؟

قاچان ۋىسالىڭ بولغاي مۇيەسسەر ،
ئىشقىڭدا كەزدىم ھەم بەھرۇ ھەم بەر ،
دەردۇ ئەلەمگە تولدى كۆڭۈللەر ،
يارغە يېتەر كۈن بارمۇ ، يارانلار ؟

غەم بەھرى قىلدى مەۋجىنى بۇنياد ،
ئىشقىڭدا قىلدىم مىڭ ئاھۇ فەرياد ،
ئۆتتى نىگارىم چۇن سەرۋى ئازاد ،
يارغە يېتەر كۈن بارمۇ ، يارانلار ؟



ھەجر ئەھلى كەلدى تۈتتى ياقامدىن ،
باغرىم تىلىندى پەيكانە غەمدىن ،
فەرياد ئېتەرمەن ئۇشبۇ ئەلەمدىن ،
يارغە يېتەر كۈن بارمۇ ، يارانلار ؟

شەمئى فىراقىڭ كۆكسۈمدە ياندى ،
كۆز ياشىم ئاقىپ باغرىمغا تامدى ،
غەفلەتتە قالغان مەشرەب ئويياندى ،
يارغا يېتەر كۈن بارمۇ ، يارانلار ؟

※ ※

بەندەڭ ئېرۇرمەن ۋەللاھۇ بىللاھ ،
شامۇ سەھەرلەر مەن ساڭا شەيدا ،
كەلدىم ئىشىككە دەپ شەيئى لىللاھ ،
كۆردۈم يۈزۈڭنى ، ئەلھەمدۇ لىللاھ .

باقساڭچۇ مەندەك دىۋانەلەرگە ،
ئەقلى ھۇشىدىن بىگانەلەرگە ،
ئىسيان چۆلىدە سەرسانەلەرگە
كۆردۈم يۈزۈڭنى ، ئەلھەمدۇ لىللاھ .

مەستانە قىلغان شەھلا كۆزۈڭدۇر ،
پەرۋانە قىلغان ئايدەك يۈزۈڭدۇر ،
دىۋانە قىلغان شىرىن سۆزۈڭدۇر ،
كۆردۈم يۈزۈڭنى ، ئەلھەمدۇ لىللاھ .

ئىزلەپ يۈرۈرمەن شامى ئىراقى ،
تاپمادىم ئەسلا يارىڭ سوراقى ،
كۆيدۈردى دوستلار ، ئانىڭ فىراقى ،

كۆردۈم يۈزۈڭنى ، ئەلھەمدۇ لىللاھ .

ئۇچرادى ھەركىم سېنى سورادىم ،
كوچامۇ ـ كوچا سېنى قارادىم ،
كېچەيۇ كۈندۈز سېنى تىلەدىم ،
كۆردۈم يۈزۈڭنى ، ئەلھەمدۇ لىللاھ .

بىر نەچچە كۈندۈز مەن ساڭا ئەفگار ،
بولدۇم گىرىفتار ئىشقىڭغا ، ئەي يار ،
ئەۋۋەلۇ ئاخىر مەن ساڭا دەركار ،
كۆردۈم يۈزۈڭنى ، ئەلھەمدۇ لىللاھ .

ھەجرىڭ چۆلىدە ھالىم خەرابدۇر ،
ھەسرەت ئوتىدا باغرىم كەبابدۇر ،
ھالىمنى سورساڭ بىھەد سەۋابدۇر ،
كۆردۈم يۈزۈڭنى ، ئەلھەمدۇ لىللاھ .

يوقتۇر خەبەرىم ھەرگىز ئۆزۈمدىن ،
قانلار ئاقادۇ ئىككى كۆزۈمدىن ،
تەئسىر قىلۇرمۇ ئۇشبۇ سۆزۈمدىن ،
كۆردۈم يۈزۈڭنى ئەلھەمدۇ  لىللاھ .

مەشرەبكە تەگدى ئاھۇ نەدامەت ،
تا روزى مەھشەر ئايتۇر دەۋامەت ،
ھەر يەردە بولساڭ ، بولغىل سەلامەت ،
كۆردۈم يۈزۈڭنى ، ئەلھەمدۇ لىللاھ .



# مۇخەممەسلەر

※ ※

ئىشقىدا يانماس ئاشىق دىۋانە بولماغۇنچە ،
شەمئىغە كۆيمەگەي ئول پەرۋانە بولماغۇنچە ،
باغلاپ بېلىن بۇ يولدا مەردانە بولماغۇنچە ،
باشقا ئالىپ مەلامەت ئەفسانە بولماغۇنچە ،
سۆيمەس سەدەفنى سەرراف دۇردانە بولماغۇنچە .

سەنسىز ماڭا نىگارا ، ئىككى ئالەم كېرەكمەس ،
تەختۇ بەختى سۇلەيمان ، ماڭا ھاتەم كېرەكمەس ،
خىزىر ئۇمرى زىندەلىكى ماڭا ئول ھەم كېرەكمەس ،
سەنسىز ئۆلەي ، دۇئا قىل ، ماڭا بول دەم كېرەكمەس ،
جانۇ تېنىم قالمادى بىگانە بولماغۇنە .

ئەرشىڭ كۆيەر ئاھىمدىن تاڭلا بولسە قىيامەت ،
ئىنسۇ مەلەك تىترەشىپ ئايتۇر : « نىچۈك ئەلامەت ؟ »
ھورۇ غىلمان ، بىھىشتىڭ ئېتىشتۇرلار نەدامەت ،
چىقسا ئاھىم ئۇچقۇنى ھېچكىم قالماس سەلامەت ،
قالماس مالىك دەۋزىخىڭ سوزانە بولماغۇنچە .

تۈشتى باشىمغە ئىشقىڭ ، لەرزە قىلىپ يىغلادىم ،
تەقدىر ئەزەل شۇنداق دەپ ، بېلىم مەھكەم باغلادىم ،
ئاشىق ئىشى قاتتىق دەپ ، ئاھۇ ۋاھلار ئەيلەدىم ،
دەردىڭ بىھەد زورلادى ، دەرگاھىڭە يىغلادىم ،
رەھم ئەيلەمەس نىگارىم گىريانە بولماغۇنچە .

ئاشىق بولساڭ تۈنۈ كۈن جاننى قۇربان ئەيلەگىل ،
داغى فۇرقەت دەردىنى دائىم ئەفغان ئەيلەگىل ،
زۈلفى چىنلەر كۇفرىنى زىنھار ئىمان ئەيلەگىل ،

هەجرۇ مىھنەت جەفاسى تەگسە زىنھار ئەيلەگىل ،
جانىڭغە جان ئۇلاشماس ، جانانە بولماغۇنچە .

نامۇس كەتمەس ھېچكىمدىن ئىشققە قەدەم قويماسە ،
ئەدھەم سىفەت دۇنيانى تا پۇشتى پا ئۇرماسە ،
ۋاسىل بولماس ۋەسلىگە يالغۇز ئۆزىن سۆيمەسە ،
رازى بولۇپ قەزاغە ھەجر ئوتىغە كۆيمەسە ،
تاپماس دىلبەر سوراغىن جۇيانە بولماغۇنچە .

ۋەقتى بەھار مەي ئىچكىل ، بىلسەڭ ئىشرەت غەنىمەت ،
ساقى ، سۇنغىن قەدەھنى فۇرسەت ، سىھھەت غەنىمەت ،
زاھىد ئايتۇر ، يارانلار ، تەسبىھ ، تائەت غەنىمەت ،
مەشرەب قەلەندەرىڭگە دردۇ مىھنەت غەنىمەت .
كۆرمەس مەئشۇق يۈزىنى ئەفسانە بولماغۇنچە .

※ ※

ئۇلۇغ دەريايى رەھمەتتىن ھەمشە خۇشك لەب بولما ،
كى سەن ھەريەرگە بارساڭ ، ئەي ئەزىزىم ، بىتەلەب بولما ،
ئەرەنلەر خىزمەتىگە بارساڭ ئەمدى بىئەدەب بولما ،
مۇبادا قورقامەن مانەندەئى ئول بۇ لەھەب بولما ،
سەئىد سەن ، ھاجىسەن ، زىنھار مەغرۇرى نەسەب بولما .

بىلىپ قالغىل جەھانى كۇھنەدە سۇدۇ زىيانىڭنى ،
ئۆزۈڭنى خاكى راھ قىل ، بەرھەم ئۇرغىل خانۇمانىڭنى ،
پىشۇرغىل مەئرەفەت بىرلە تەمامى ئۇستىخانىڭنى ،
تەكەببۇر يولىغە بەرباد ئېتىپ كەتمە ئىمانىڭنى ،
سەئىد سەن ، ھاجىسەن ، زىنھار مەغرۇرى نەسەب بولما .

سەئىد ئەۋلادىمەن دەپ ، تۇتماغىل راھى شەقاۋەتنى ،



كۆزۈڭ بارىدا ئاختارغىلكى بىر ئەھلى ھىدايەتنى ،
تېنىڭدىن كەندە قىلغىل دەم بەدەم سەن بارى غەفلەتنى ،
تەكەببۇر سەخت ئولۇپ بوينۇڭغە سالمە تەۋقى لەئنەتنى ،
سەئىدسەن ، ھاجىسەن ، زىنھار مەغرۇرى نەسەب بولما .

بۇ دەھرى بىبەقاغە قويمە ئەسلا ئىمتىيازىڭنى ،
ئەبەس ئۆتكەرمەگىل بىھۇدەلىقتە قىشۇ يازىڭنى ،
دىلىڭدىن كەندە قىلما دەم بەدەم سۇزۇ گۇدازىڭنى ،
ئەجەلنى سەكرەتى مەئلۇم قىلۇر ئەجزۇ نىيازىڭنى ،
سەئىدسەن ، ھاجىسەن ، زىنھار مەغرۇرى نەسەب بولما .

كەل ، ئەي مەشرەب ، سۇخەن كوتاھ قىلغىل ، ياخشىلار كەتتى ،
سەنھەم بىر كۇن كېتەرسەن جۇملە ئاخىر چەشمى تەركەتتى ،
كۆڭۈلنى گەنجىنى بىلگەن ھەمە ساھىب نەزەر كەتتى ،
جەھان زىندانىدىن ئاخىر ھەمە خۇنى جىگەر كەتتى ،
سەئىدسەن ، ھاجىسەن ، زىنھار مەغرۇرى نەسەب بولما .

※ ※

خانۇمانىدىن جۇدا بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ ،
ئۆرتەنىپ قەددى دۇتا بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ ،
دەردۇ غەمگە مۇبتەلا بولغا كىشىدىن دەرد سوراڭ ،
بىكەسۇ بىمۇتتەكا بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ ،
مىسلى مەن بىدەستۇ پا بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ .

تەلمۈرۈپ قالدىم بۇ يولدا ھەمسەفەردىن ئايرىلىپ ،
يول ئاداشىپ غەمدەدۇرمەن راھبەردىن ئايرىلىپ ،
بەخت قارا كەلدىم بۇ يولدا ياخشىلاردىن ئايرىلىپ ،
ئەندەلىب ئېردىم قالىپمەن بالۇ پەردىن ئايرىلىپ ،
مەن كەبى بەختى قارا بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ .

ئانىدىن تۇغمىش كۈنۈم روزى ھالاۋەت كۆرمىدىم ،
بۇ رەباتى كوھنىدە مەن ئىستىقامەت كۆرمىدىم ،
غەرق بولدۇم نەچچە بىر مېھنەتكە ، راھەت كۆرمىدىم ،
غۇسسىدىن ئۆلدۈم ، دەمى خابى فەراغەت كۆرمىدىم ،
خانە بەردۇشى گەدا بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ .

دەست خۇشگۇ بىبىزائەتمەن ، جەھاندىن بىسەمەر ،
غەم بىلەن ئاتەشكە تۇشكەنمەن ، قالىپمەن مۇشتى پەر ،
بىكەسۇ بىمۇتتەكا بولغان كىشىنى كىم سورەر ،
ئىچكەنىم زەھرابەردۇر ، ھەرسائەتى خۇنى جىگەر ،
ھەجر ئارا ساھىب ئەزا بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ .

بۇل مېنىڭ رازى دىلىمنى زار بولغانلار بىلۇر
دەرد كۆرگەنلەر بىلۇر ، بىيار بولغانلار بىلۇر ،
غۇسسەۋۇ غەم بىرلە دىلئەفگار بولغانلار بىلۇر ،
بىر ئەزىز باشى چۇنانەم خار بولغانلار بىلۇر ،
يول ئارا بىرەھنەما بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ .

مىسلى قەقنۇستەك بۇ ئاتەش ئاشيانىمدىن چىقار ،
نالە قىلسام ئاتەشى سوزان زەبانىمدىن چىقار ،
شورىشى مەھشەر مېنىڭ ئاھۇ فىغانىمدىن چىقار ،
دەرد كۆرگەنلەر بەيانى داستانىمدىن چىقار ،
داغى ھەسرەتتە ئەدا بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ .

مۇددەتى بولدى بۇ يولدا ئىستىراھەت مەندە يوق ،
كەشفىدىن خالى ئېرۇرمەن ، ھېچ كەرامەت مەندە يوق ،
لالەدەك سىينەمدە داغىم بار ، فەراغەت مەندە يوق ،
رازى دىل ئىزھار قىلسام ، ئەھلى سۇھبەت مەندە يوق ،
رەڭگى زەردۇ كەھرەبا بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ .



غۇسسىدىن ئەفسۇردەمەن ، باغرىمدا قانىم قالمادى ،
بولدى خاكىستەر ۋۇجۇدۇم ، ئۇستىخانىم قالمادى ،
غەم فەنا قىلدى مېنى ، نامۇ نىشانىم قالمادى ،
ئان قەدەر ئۆرتەندى جىسمى ناتەۋانىم قالمادى ،
دەردۇ غەم بىرلە فەنا بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ .

مەشرەبا ، زۇلمەتكە غەرق بولدى مېنىڭ ئابۇ گىلىم ،
بۇ سەبەبدىن تەڭ كېلىپدۇر بارا تۇرغان مەنزىلىم ،
ھەر زەمان ، ھەر لەھزە ، ھەرسائەت پەرىشاندۇر دىلىم ،
ئىزلەسەم يانىمدا يوق بىر غەمگۇسارى قابىلىم ،
بىكەسۇ بىرەھنەما بولغان كىشىدىن دەرد سوراڭ .

※ ※

سەنەما ، يۈزۈڭ بىھىشتىن گۈل ئاچىپ بەھار قىلدىڭ ،
غەير ئىلە قەرار ئەيلەپ ، مېنى بىقەرار قىلدىڭ ،
ئاتىبان غەمىڭ ئوقىنى يۈرەكىم فىگار قىلدىڭ ،
تىلەگەچ جەمال ، ئەي گۈل ، كوچەلەردە خار قىلدىڭ ،
مېنى ، ئەي خۇمار كۆزلۈك ، نىگە مۇنچە زار قىلدىڭ ؟

چىداماي سىتەملەرىڭگە كېتەيىن ئالىپ بۇ باشىم ،
دەشتلەرنى گۈلشەن ئەيلەي ، ئاقتىپ ھەمىشە ياشىم ،
غەمى دەردىڭ ئەتسە تۇغيان ، كۆيەردۇر ئېچىمۇ تاشىم ،
زۇلۇمۇڭ تولالىقىدىن تاغۇ ، توزۇ ، چۆلدە باشىم ،
سىتەمۇ ئەلەملەرىڭنى بىر ئەمەس ، ھەزار قىلدىڭ .

تىلىمۇ دىلىمدە ، جانا ، تۈنۈ كۈن ئېرۇر سىفاتىڭ ،
بۇل ئەجەب ئەل ئاغزىدادۇر شەكەرۇ ئەسەل ، نەباتىڭ ،
كېچىبان بۇ جىسمۇ جاندىن ، تىلەدىم سېنىڭ ھەياتىڭ .

ئۆلەرىمگە رازى بولدۇم ، نېگە كەلمەدى ئۇياتىڭ ؟
ئىشكىڭ تۈبىدە يۈزمىڭ ئاسلۇرغا دار قىلدىڭ .

سەدەقىڭ دۇرى مۇنەۋۋەر ، سەن ئانى نىھان تۇتۇپسەن ،
سەن ئەمەسمۇ نەسلى ئادەم ، پەرى خەيلىدىن ئۆتۈپسەن ،
كەئبەتەين ئىشق ئېتىپسەن ، مەنى خەستەنى ئۇتۇپسەن ،
ماڭا بىر نىگاھ قىلماي ، نېگە ئۆزگەنى كۈتۈپسەن ؟
مېنى بەدخۇمار ئەيلەپ ، كىمنى ئىختىيار قىلدىڭ ؟

ئەلگە ئىلتىپاتىڭ ئولسە ، يۈرەكىمدە داغ سەندىن ،
يۈرەكىمدە داغ ئاچىلسە ، ماڭا چارباغ سەندىن ،
نەچە ئۆلسەمۇ يوقالسام ، يوق ئېرۇر سوراغ سەندىن ،
ئەلگە لەب بەلەب قۇيارسەن ، ماڭا يوق ئاياغ سەندىن ،
مېنى ئۆلتۈرۈپ غەمىڭدە ، ئەلگە جان نىسار قىلدىڭ .

گاھى سەير ئۈچۈن چىقارسەن ، ھەممە ياققا قاش ئاتارسەن ،
مەنى تەلبە ئىتنى كۆرسەڭ قوغلاماققا تاش ئاتارسەن ،
ماڭا تىرە تۈن بولۇرسەن ، ئەلگە يۈز قۇياش ئاتارسەن ،
ماڭا گاھ تەگسە ئوقۇڭ ، ئېلىڭە تالاش ئېتەرسەن ،
ئەلگە يۈز كەرەملەر ئەيلەپ ، مېنى تۇرفە زار قىلدىڭ .

بەزمىڭ ئولدى باغۇ بوستان ، نە بىزنىڭ بىلە تەلاخۇم ،
مېنى قىل ھەزار پارە ، ئەل ئىچىندە قىلما مەھرۇم ،
بۇ تىرىكلىگىمدىن ئەلا مەي ئىچىندە بولغانىم گۇم ،
ماڭا قىلمادىڭ تەرەھھۇم ، نە ئۈچۈنكى تالئىم شۇم ،
مېنى يوق ئېتىپ جەھاندا، دۇشمەنىمنى بار قىلدىڭ .

تۈنۇ كۈن تىلەپ ، نىگارا ، ئىكى زۇلفۇڭ ئەيلەدىڭ دام ،
مېنى بەختۇ تالئىم يوق ، قويمادىمكى دامىڭغە گام ،
ئەلگە بولسە ۋەسل ھاسىل ، ماڭا بولدى خۇشك بەدنام ،



دېسە بەسدۇر ئۈشبۇ دەۋلەت : « مېنى مەشرىبىم بۇ گۇمنام » .
چىداماي قىلىپ پۇشەيمان ، نە ئۈچۈن بۇ خار قىلدىڭ ؟

※ ※

نە ئۈچۈن بۇرۇن ئۆزۈڭگە مېنى دوستۇ يار قىلدىڭ ؟
ياقىپ ئىشق ئوتىنى جانغە مېنى بىقەرار قىلدىڭ ؟
نىگە فۇرقەتىڭ يولىدا يەئنى خارۇ زار قىلدىڭ ؟
ئايرىلىپ ئۇ مەنزىلىمدىن مېنى بىديار قىلدىڭ ؟
فىراقىڭ چۆلىگە تاشلاپ تولا ئىنتىزار قىلدىڭ ؟

مەنى رىندى لائۇبالى كوچا ـ كويدا بىسەرەنجام ،
بولۇبان خەرابۇ رەسۋا بو خالايىق ئىچرە بەدنام ،
ھەمدە مىم ئېرۇر داپۇ نەي ، ھەرنەفەس ـ سوراھىيۇ جام ،
نە قىلاي كۆزۈمنى يۇماي ، سېنى كۆرمەسەم ، دىلئارام ،
قاش ئاتىپ رەقىبلەرگە ، مېنى بىمەدار قىلدىڭ .

نىچۈك ئۇنۇتاي ، نىگارا ، سېنىڭ ئىلتىفاتلارىڭنى ،
ئايتىبان تەمام قىلالمامكى ، سېنىڭ سىفاتلارىڭنى ،
تۇتاشۇر جانىمغە ئوتلار ئەگەر ئايتسام ئاتلارىڭنى ،
نە ئۈچۈن تاتىتمادىڭ سەن شەكەرۇ نەباتلارىڭنى ،
ئەل ئارا غەرىبلىغىمدە نېگە خارۇ زار قىلدىڭ ؟

بۇ كۆڭۈلكى غۇنچە يەڭلىغ دەردىڭ ئىلە قانغا تولدى ،
بىر گۇل ئۈزمەيىن باغىڭدىن ، رىشتەئى بۇ جان ئۈزۈلدى ،
لەبىڭە تۇتۇپ ساغەرنى كۈلدۈڭۇ ، چاغىر تۆكۈلدى ،
تەبل ئىشقبار چالدىڭ ، ئۇ مېنىڭ يىتۇشۇم بولدى ،
كام بەرمەيىن لەبىڭدىن نېگە ئىنتىزار قىلدىڭ ؟

بۇ جەھاندا ئېردى بىسيار ئىشۋەگەرۇ مەھلىقالار ،

لەبى غۇنچە ، رۇخلارى گۇل ، كۆزى شوخ بىۋەفالار ،
ئۆتتىلەر بارى جەھاندىن ئىشقىدىن ياقىپ ئالاۋلار ،
بار ئىكەن نىھايەتى يوق ئۇلا كۆرمەگەن جەفالار ،
بارىسىن يىغىپ كەرەمدىن ماڭا سەن نىسار قىلدىڭ .

※ ※

كۆرسەت يۈزۈڭ ، ئۆلەرمەن ، مەندە تاقەت قالمادى ،
مىھرىبانىم قايداسەن ، جاندا راھەت قالمادى ،
بەلا ياغدى باشىمغە ئەلدە ئافەت قالمادى ،
چەكتىم جەفانى ، ئەكنون ، تەندە ھالەت قالمادى ،
كەزدىم شەھرۇ بەيابان دىلدا ھەسرەت قالمادى .

تۇتتۇم پىرنى ئىتەكىن ، ئاخىر يولغە باشلادى ،
« يولدا قالغان گۇمراھ » دەپ ئافاق خوجام خوشلادى ،
ئايتتى : « كىرگەن بۇ يولغە ئۆزلىكىنى تاشلادى ،
يادى بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ، ئىككى كۆزىن ياشلادى . »
تىنماي ئايتتىم سەناسىن ، خابۇ غەفلەت قالمادى .

« ئىشقىقە قەدەم قويماساڭ ، بىللاھ ، مەئشۇق تاپىلماس ،
مۇندا جەفا چەكمەسەڭ ، دەرى رەھمەت ئاچىلماس ،
باغرىڭ كەباب بولماسا ، كۆزدىن ياشىڭ ساچىلماس ،
يول ئۈستىدە يول بولماي ، نەفسى شەيتان چاپىلماس . »
دەبان پىرىم مەي بەردى ، دىلدا ھەسرەت قالمادى .

ئاشىق بولدۇم يۈزۈڭگە ، كۆرمەي ئۆلسەم نېتەرمەن ،
بايەزىددەك ئۆزۈمنى كۈندە يۈزمىڭ ساتارمەن ،
مونكىر ، نەكىر كىرگەندە لەھەد ئىچرە ياتارمەن ،
ھەرنە قىلساڭ ، ئەي زاھىد ، جامى مەيدىن تاتارمەن ،
بەرباد بەردىم مەي ئۈچۈن ، قولدا تائەت قالمادى .



ئاشىق بولساڭ شۇنداق بول ، ئالەم كۇفرىڭ پۈتسۇنلەر ،
رەسۋا بولغىل ئەل ئىچرە ، نامىڭ ئالىپ كەتسۇنلەر ،
دىۋانە بول ئىشقىدا ، ساڭا كىسەك ئاتسۇنلەر ،
تۇفراق بولغىل يول ئۈزرە ، سېنى باسىپ ئۆتسۇنلەر ،
كۇفرىلىقدىن ئۆزگە ھېچ مەندە ئادەت قالمادى .

كۇفر بولساڭ ئىشقىقە بول ، ئەھلى دۇنيا بولماغىل ،
زاھىد سىفەت دۇنيا دەپ ھەرگىز مۇردار بولماغىل ،
ئەدھەم سىفەت دۇنيانى ھېچ كۆزۈڭگە ئىلماغىل ،
مەجنۇن سىفەت بىھۇش بول ، ھېچ ئۆزۈڭگە كەلمەگىل ،
ئۆتتۈم مەقام ھەيرەتتىن ، مەندە ھەيرەت قالمادى .

فاسىق ، زاھىد ئول شەيخلەر مەسجىد سارى بارغۇسى ،
قوللارىدا تەسبىھى ، رىيا تائەت قىلغۇسى ،
تىلى بىلەن زىكىر ئايتىپ ھەمدۇ دۇرۇد سورغۇسى ،
بىر - بىر باسىپ ، قول سالىپ ھەۋا بىلەن يورغۇسى ،
ئانىڭ ئۈچۈن ، يارانلار ، مەندە ئىبرەت قالمادى .

دىۋانە مەشرەبىڭ مەن ، رازى بولدۇم قەزاغە ،
يالغۇز باشىم گىرىفتار مىنىڭ يۈزمىڭ بەلاغە ،
دەردىم فۇزۇن ، نەيلەرمەن ، نەگە باراي دەۋاغە ،
سۇد ئىستەبان يولۇقتۇم ، قالدىم بۇ ماجەراغە ،
ئارزۇلارىم ئۇشالماي ، غەرەز ، ئىللەت قالمادى .

※ ※

چىھرەسى گۇلزار قالماق دىلەرىمدۇر ئىلگەرى ،
قايرىلىپ ھەريان تۇرۇبان كەتتى زىبا قاشلارى ،
تىيرى تىز بىرلە ماڭا ئەيلەر ئىشارەت كۆزلەرى ،

چۈن تەبەسسۇم بىرلە ئەيلەر بولسا لەب قىرمىزلەرى ،
ئۆشبۇ خەندان لەئلى ئىچرە جەۋھەرىستان گەۋھەرى .

ئىكتەفىغە شادە باغلاپ گەۋھەرۇ مەرجاندىن ،
فۇفەكۇ كىمخابۇ زەربەفت ئاسىلىپ ھەرياندىن ،
ئۈدى ئەنبەر كۆيدۈرۈپ چۈن رەۋغەنى بادامدىن ،
ئۇخلاسە باشىغە بەخمەل بىستەرى ھەر ياندىن ،
چۈن ئىلان باز ئەيلەبان ئاغۇش ئېتەدۈر قوللارى .

ئاق بەدەنگە لالەئى رەئنا قەبا گۈلگۈن كىيىپ ،
قىرق كاكۇل ھەر تەرەفكە ، ئاشىقىن بىسمىل قىلىپ ،
ئول خەيال بوستانىغە كىم رەڭ بەرەڭ گۈللەر قونۇپ ،
كۆزلەرى چاقماقىدىن بۇل مۇلكى دىل ئوتتا يانىپ ،
بەسكى شەمشىرى جەفا ئۈستىگە تۈشتى جەۋھەرى .

قىزلارى نازۇك بەدەن ، رەئنا نىھالى جىلۋەگەر ،
بىر نەچە سۈرەت سەما ، بىر نەچچەسىدۇر نەغمەگەر ،
چۆلۈ سەھرا چۈن ئۆلار بار گاھى بولدى ھەم نەزەر ،
ئاشىقۇ مەئشۇق ھەم يەتتى مۇرادىغە مەگەر ،
ۋەسلىگە بولدى مۇيەسسەر چۆلۈ سەھرا گۈللارى !

ئۆشبۇ دۇنيا ئىشرەتىنىڭ ئىبتىداسى ناسەزا ،
ناسەزانىڭ ئىنتىھاسى ھاسىلى بولدى بەلا ،
ھاسىلاتى تەييىبات ئىمانى مۇتلەقتۇر زىيا ،
قۇربەتى ھەق ئالدىدا ئول زۇھدۇ تەقۋا نارەۋا ،
مەشرەبى دىۋانەنى ھازىرۇ نازىر دىلبەرى .

※ ※

مېنى ئالەم ئارا مەجنۇنى بىسەر قىلدىيۇ كەتتى ،



باشىمغە سالدى سەۋدانى ، قەلەندەر قىلدىيۇ كەتتى ،
دىلىمنىڭ قەلئەسىن بوزدىيۇ ئەبتەر قىلدىيۇ كەتتى ،
يۈرەكىمگە قويۇپ ئاتەش سەمەندەر قىلدىيۇ كەتتى ،
كۆزۈم تەلمۈرۈتۈپ رەسۋائى مەھشەر قىلدىيۇ كەتتى .

كۆزۈم چۈن بەھر ئالماي بارەدۇر دۈررى خۇشابىدىن ،
جەھان نالىشگە كىردى دۈدى باغرىمنىڭ كەبابىدىن ،
نەسىبەم يوق ئىكەن ، ئەفسۇس ، ھۆسنى بىنىقابىدىن ،
ئوقۇڭ ئالدىمدا كۆپ دەردلەرنى كۆرگەنلەر كىتابىدىن ،
مېنى يول ئۈستىدە يەكبارە مۇزتەر قىلدىيۇ كەتتى .

قەرەھھۇم بىرلە ھەرگىز سورمادى :« زارىم ، نېچۇكسەن ؟ » دەپ ،
«مەن ئۇچۈن مۇبتەلا بولغان گىرىفتارىم نېچۇكسەن ؟ » دەپ ،
«يۈرەك ـ باغرى ئەدا بولغان دىل ئەفگارىم نېچۇكسەن ؟» دەپ ،
« بۇ ۋەيران خانەدە مۇشتاقى دىيدارىم نېچۇكسەن؟» دەپ ،
باشىمغە يۈز جەفاۋۇ جەبر دىلبەر قىلدىيۇ كەتتى .

ۋەفالىق يار ئەگەر بولسە پەرىشانىنى سورماسمۇ ؟
ئاداشقان ئىنتىزارۇ خانە ۋەيرانىنى سورماسمۇ ؟
تۇتاشقان ، باغرى كۆيگەن ، يولدا ھەيرانىنى سورماسمۇ ؟
دىلى سەدپارە بولغان ، چەشمى گىريانىنى سورماسمۇ ؟
باشىمغە تەپتى ، تۇپراقىغە بەرابەر قىلدىيۇ كەتتى .

قولۇڭدىن كەلسە ، دوستۇم ، بىۋەفاغە ئەسلى دىل بەرمە ،
جەھاننى ماھى بولسە ، نارەساغە ئەسلى دىل بەرمە ،
ستەمگەر ، بىمۇرۇۋۋەت ، پۇر جەفاغە ئەسلى دىل بەرمە ،
بەلا كۆپرەك تېگەر ، نا ئاشناغە ئەسلى دىل بەرمە ،
دىلىمغە سالدى ئاتەشنى مۇقەررەر قىلدىيۇ كەتتى .

ئەدالەتلىك ئەمرىم ، بەلكى خاقانىم ، دەپ ئەرز قىلدىم ،

كۆڭۈل شەھرىگە تۇشكەن ، شاھى سۇلتانىم ، دەپ ئەرز قىلدىم ،
سورار ئەھۋالى زارىمنى ، سۇلەيمانىم ، دەپ ئەرز قىلدىم ،
ۋۇجۇدۇم كىشۋەرىگە مەملەكەت دانىم ، دەپ ئەرز قىلدىم ،
يىراقتىن ئەرز قىلدىم ، گۇشنى كەر قىلدىيۇ كەتتى .

كۆزۈمگە تارىكستان قىلدى ئاخىر روزى رەۋشەننى ،
ياقىپ ھەر سائەتى سىنەم ئارا سەۋدايى گۇلخاننى ،
مېنى ماتەمگە سالدى ، شاد ئېتىپ ئالدىمدا دۇشمەننى ،
ئانىڭ مەقسەدى كۆيدۇرمەك ، مېنىڭدەك باغرى كۆيگەننى ،
سىپەندى خاتىرىمنى غەرقى مىجمەر قىلدىيۇكەتتى .

ياقامنى چاك ئېتىپ ھەر سائەتى بىسىيار يىغلارمەن ،
مېنىڭدەك يولدا قالغان يوق ، دىلى ئەفگار يىغلارمەن ،
ئۆزۈمدەك خانەۋەيرانلارنى كۆرسەم زار يىغلارمەن ،
مېنىڭ ئەرزىم ئىشت ، ئەي ۋاھىدۇل قەھھار ، يىغلارمەن ،
مۇسىبەت تاغىنى باشىمغە لەڭگەر قىلدىيۇ كەتتى .

بۇ فانىي كۇھنە دۇنيادىن فەنا بولغانچە يوقلارمەن ،
كىرامى ئۇمرى خۇرشىدىم ئەدا بولغانچە يوقلارمەن ،
بىنائى سائەتى يەۋمۇل جەزا بولغانچە يوقلارمەن ،
كۆزۈم دىيدارى بىرلە ئاشنا بولغانچە يوقلارمەن ،
ئەلەم پەيكانى بىرلە باغرىمى جەر قىلدىيۇ كەتتى .

تۇتۇپ ئېردىمكى ، دامانىنى ئىسكەندەر بولۇرمەن دەپ ،
شەبۇ روزىكى مەن ھەمراھى ئول دىلبەر بولۇرمەن دەپ ،
يىتىشسەم سايەسىگە جۇملەدىن بىھتەر بولۇرمەن ،
ئەگرچە ساڭا خارا بولسام ھەم گەۋھەر بولۇرمەن دەپ ،
نەزەردىن تاشلادى ، ھالىمنى ئەبتەر قىلدىيۇ كەتتى .

قانى بىر دەرد كۆرگەن ، بىۋەفانى دەردىنى ئايتاي ،



ياقامنى چاك ئېتىپ ، نائاشنانى دەردىنى ئايتاي ،
لەھەددىن باش كۆتۈرسەم ، مەھلىقانى دەردىنى ئايتاي ،
بۇ كۈن شۇرىدە مەن نازۇك ئەدانى دەردىنى ئايتاي ،
قىلىپ خاكىستەرىم بەرباد ، ئەخگەر قىلدىيۇ كەتتى .

يۈرەكىنىڭ دەردىنى ھەر دوستۇ دۇشمەندىن نىھان تۇتتۇم ،
بەلانىڭ تەختىنى تاكى ئۆزۈمگە ئاشىيان تۇتتۇم ،
قاچىپ ھەر نىكۇ بەددىن ئاستانىغە مەكان تۇتتۇم ،
بارىپ ھەر گۇشەئىغە يىغلادىم ، زارۇ فىغان تۇتتۇم ،
ھەمە رازى دىلىمنى خەلققە دەفتەر قىلدىيۇ كەتتى .

※ ※

ۋەئدە قىلدى بىر كېلەي دەپ كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەدى ،
تەلمۈرۈپ يولىدا تۇردۇم ، شوخى بەدخۇ كەلمەدى ،
نەچچە كەلدى شۇم رەقىبلەر ، ئول پەرى رۇ كەلمىدى ،
دەردىدىن ئۆلدۇم ، تەبىب ، دەردىمگە دارۇ كەلمەدى ،
مەن شەھىدى ئىشق بولدۇم ، قەترەئى سۇ كەلمەدى .

دادخاھمەن روزى مەھشەر قاشىمە بىر كەلمەسە ،
ھەجرىدە ئۆلدۇم بۇ كۈن بىرلەھزە ھالىم سورماسە ،
ھەممەگە قىلغان ۋەفانى ماڭا دىلبەر قىلماسە ،
يىغلامايمۇ ئاھ ئۇرۇپ ھەرگىز كۆزىگە ئىلماسە ،
بارچەغە شىرىن زەبانۇ ماڭا بەدگۇ كەلمەدى .

ئاھۇ ۋاھ ئەيلەپ غەرىبلىق شەھرىدە بىمارمەن ،
گەر ئالۇر بولساڭ بۇ جانىم ئال ، سەنەم ، بىزارمەن ،
پەردەنى يۈزدىن كۆتۈرگىل ، ئاشىقى دىيدارمەن ،
ساقىيا ، تويغۇنچە مەي بەر ، نەچچە كۈن خۇممارمەن ،
بارچە مەجلىسلەر گۇلى ، زۇلفى سۇمەنبۇ كەلمەدى .

تەشنە لەب قالدىم غەمگىدە ، مېھرىبانىم قايداسەن ؟
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ يۈرۈرمەن ، جانىجانىم قايداسەن ؟
ئىزلەسەم يوقتۇر مەكانىڭ ، لامەكانىم ، قايداسەن ؟
مەھرەمى سىررىم مېنى ، ئەي رازدانىم ، قايداسەن ؟
يۈز تۈمەن سەۋدايى تۈشتى ، مەسلەھەتگۈ كەلمەدى .

يىغلاماقلىق بۇل سەبەبدىن ئول نىگارىم كەلمەدى ،
گۈل ئاچىپ يۈز لۇتف ئىلە باغۇ بەھارىم كەلمەدى ،
ئىككى ئالەمدىن كېچىپمەن ، شەھسەۋارىم كەلمەدى ،
غەم بىلە مۇكچەيدى قەددىم ، غەمگۇزارىم كەلمەدى ،
مېھرىبان ، ئۈلفەتنىشىن ، شىرىن سۇخەنگۈ كەلمەدى .

ئۆرتەدى جانىمنى ، دوستلار ، يارنىڭ ھەربىر سۆزى ،
باقغاچ ئىمانىمنى ئالدى ئاھۇدەك ئوينار كۆزى ،
گۈل ئۈچۈن بۇلبۇل قەفەزدە ، زاغلار ئەيلەر بازى ،
جان بىرەر ۋەقتىدە كېلەي دەپ ۋەئدەلەر قىلدى ئۆزى ،
ھەلقۇمە يەتتى بۇ جانىم ، چەشمە جادۇ كەلمەدى .

ئۆرتەنىپ كويىدا كۆيدى جانى زارىم بىلمەدى ،
« ئەي غەرىبى خاكسارىم » دەپ بۇ ھالىم سورمادى ،
جەبرىنى ھەر كۈن زىيادە قىلدىيۇ كەم قىلمادى ،
نە سەبەب ھازىق تەبىبىم زەررە كۆزگە ئىلمادى ،
كۆڭلى قاتتىق ، تاش باغىر ، دەردىمگە دارۇ كەلمەدى .

كەلسە يۈزمىڭ جىلۋە ئەيلەپ ئول مېنى كۆيدۈرگەنى ،
ھالەتىم يوقتۇر مېنىڭ دەردىدە بىر دەم ئۆرگانى ،
زۈلفىنى بەندىگە چىرماپ نەچچە مەندەك بەندەنى ،
ئايتىب ئايتىب يىغلاسام ئول بىۋەفانىنىڭ دەردىنى ،
بىۋەفانىڭ دەردىنى ئايتۇرغە ھەقجۇ كەلمەدى .



كۆرمەسەم بىر دەم سەنى ، بەيتۇل ھەرەمنى نەيلەيىن ؟
قالغان ئىبراھىمدىن ئول ئەسكى دۇكاننى نەيلەيىن ؟
ھەم بىھىشتۇ ، كەۋسەرۇ ، ھۇرۇ غۇلماننى نەيلەيىن ؟
يەتتى ئەفلاكۇ ، سەكىز جەننەت مەكاننى نەيلەيىن ؟
بۇل سەبەبدىن ، دوستلار ، كۆڭلۈمدە ياغدۇ كەلمىدى .

كۆيگۈسى تاڭلا قىيامەت دادۇ ئاھىمنى كۆرۈپ ،
قالغۇسى مەھشەر ئېلى ھەيران گۇناھىمنى كۆرۈپ ،
تىرە بولغاي يەرۇ كۆك رۇيى سىياھىمنى كۆرۈپ ،
شايەد ئول رەھم ئەيلەگەي ھالى تەباھىمنى كۆرۈپ ،
زار بولدۇم ھەجرىدە قاشىمگە ھەققۇ كەلمىدى .

بۇل يۈرەكىم غەمگە تولدى ، گۈل ئۈزارىم كەلسەنا ،
قان تولۇپدۇر كۆكسۈمە ، قاشىمغە يارىم كەلسەنا ،
ھەر نە قىلساڭ سەن ئۆزۈڭ قىل ، غەمگۇزارىم كەلسەنا ،
جۈملە شاھلارنى ئۇلۇغى ، نامدارىم كەلسەنا ،
دىلنى زەڭگەرىن ئاچارغە ئايىنەئى رۇ كەلمىدى .

زاھىدا ، مەشرەبكە دېدىڭ : « مەسجىد ئىچرە قوي قەدەم ! »
ئولتۇرۇپ مېھرابدە ئايتتىڭ : « خاتىرىڭنى ئەيلە جەم ! »
بەخشىدىن قىلدىم ئىبا ، ھېچ ئۇرمادىم مەن ئاڭادەم ،
تۇرفە ئىشىدۇركىم ، كۆرۈڭ ، مەسجىدگە كىرمىش دەردۇغەم ،
نەچچە كۈن زاھىد بولۇپ كۆڭلۈمگە بىر ھۇ كەلمەدى .

※ ※

يىغلاماي نەيلەيكى روزىمنى سىيا قىلدى فەلەك ،
ئاشنالارنى ماڭا نائاشنا قىلدى فەلەك ،
كەۋكەبى بەختىمنى مۇنداق بىزىيا قىلدى فەلەك ،

ئاخىرى ئۆمرۈمدە بەختىمنى قارا قىلدى فەلەك ،
پادىشاھ ئىردىم ، بۇ كۈن ساھىب ئەزا قىلدى فەلەك .

خانەۋەيرانمەن بۇ كۈن ، جىسمىمدە جانىم يوق مېنىڭ ،
دەر بەدەردۇرمەنكى بىر يەردە مەكانىم يوق مېنىڭ ،
چۇغزى بىۋەيرانەدۇرمەن ، ئاشىيانىم يوق مېنىڭ ،
تا سەرىم ئۈستىدە تۇرغان سايەبانىم يوق مېنىڭ ،
دىلرەبالارنى بۇ تۇفراق ئىچرە جا قىلدى فەلەك .

تەلبەلەردەك ھەر زەمان يىرتىپ ياقام قان يىغلاسام ،
سىنەلەرنى چاك ئېتىپ ھالىمغە چەندان يىغلاسام ،
دوستۇ دۈشمەن ئەيب ئېتەر ھەردەم پەرۋان يىغلاسام ،
ئەزبەرايى ماتەمى ئول ماھى كەنئان يىغلاسام ،
دىيدەئى يەئقۇبنى مۇنداق نابىنا قىلدى فەلەك .

يول ئاداشىپ غەمە قالدىم ، ھەمسەفەردىن ئايرىلىپ ،
مىسلى بۇلبۇلمەن بۇ كۈن ھەم بالۇ پەردىن ئايرىلىپ ،
مادەرۇ ، يارۇ بەرادەر ھەم پەدەردىن ئايرىلىپ ،
قالماسۇن ھېچكىم مېنىڭدەك راھبەردىن ئايرىلىپ ،
كۆھنە دۇنيانى ماڭا ماتەمسەرا قىلدى فەلەك .

نى مۇشەققەتلەرنى كۆردى نۇرى چەشمى مۇستەفا ،
بولدى ئول شەھزادەلەر ماتەمدە مىسلى كەربەلا ،
يىغلا ئۆز ھالىڭغە سەن ماتەمدە بول ، ئەي مۇبتەلا ،
ھېچ مۇئمىن بولماسۇن مەندەك ئەزىزىدىن جۇدا ،
فاتىمەنى نۇرى چەشمىدىن جۇدا قىلدى فەلەك .

ھەزرەتى ئادەمنى ئەۋۋەل جۇملەدىن ئەئلا قىلىپ ،
پاسى سۇلتانىنى باغىشلاپ جەننەت ئىچرە جا قىلىپ ،
ھەزرەتى ھەۋۋانى ئول ئادەم بىلە ھەمرا قىلىپ ،



كۈللى مەلائىك ئىچىندە جۇملەدىن ئەئلا قىلىپ ،
ئاخىرى ۋەقتىدە جەننەتتىن سىۋا قىلدى فەلەك .

نۇھقاكىشتى تۇزەت ، دەپ ئەمرى پەرمان ئەيلەدى ،
ئۈممەتىنى سەركەش ئەيلەپ ، نا مۇسۇلمان ئەيلەدى ،
ني قارا كۈنلەرنى كۆرسەتتى ، پەرىشان ئەيلەدى ،
ئاخىرىدا مۇبتەلائى داغى ھىجران ئەيلەدى ،
شاھلارغە بول جەھاننى بىبەھا قىلدى فەلەك .

رىزە رىزە قىلدى مىھنەتتىن تەنى ئەييۇبنى ،
داغى پەرزەندىگە سەرگەردان قىلىپ يەئقۇبنى ،
ساتتۇرۇپ بازارغە بەلكى ئاشۇ مەھبۇبنى ،
قايسى بىر ۋەسفىنى ئايتاي چەرخى بى ئاشۇبنى ،
ئاخىرى ۋەقتدە گىرىفتارى بەلا قىلدى فەلەك .

بەردى ئىبراھىمغە ھىممەت ، نەچچە بۇتنى سۇندۇرۇپ ،
ئول مۇبارەك قولىغە ھىممەت قۇشىنى قوندۇرۇپ ،
جەننەتۇل ئەئلا بوراقىغە ئول شاھنى مىندۇرۇپ ،
ۋەقتى ئاخىر باشىغە نەمرۇد ئاتەش ياندۇرۇپ ،
ئاتەشى نەمرۇدنى جەننەتنەما قىلدى فەلەك .

كەئبەتۇللاھنى تۈزەتتى ئول خەلىلى باسەفا ،
كىمكى داخىل بولدى ئاڭا قالمادى ھەرگىز گۇناھ ،
بەھرە ئالدى خانەئى ئاباددىن شاھۇ گەدا ،
خەلق ئىسمائىلنى شۇنداق تىغدىن بەردى پاناھ ،
باشىغە يۈزمىڭ بەلا كەلدى ، رىزا قىلدى فەلەك .

ھەق ئەزەلدىن ھەزرەتى مۇسانى قىلدى غەرقى نۇر ،
ئەۋۋەلىن مىراجنى قىلدى مەقامى كوھى تور ،
دۈشمەنى فىرئەۋن ئىدى كۆڭلىگە سالدى سەد غۇرۇر ،

بوگا دەۋلەت ئاگا مىھنەتنى نېچۇك بەردى غەفۇر ،
رۇسىياھ فىرئەۋنىنىڭ خەسمىن مۇسا قىلدى فەلەك .

مەشرەبا ، ھەرگىز بىلەلمەسسەن ئۇلۇغ ئەسرارنى ،
نۇرى ئەھمەددىن ياراتمىش گۇنبەزى دەۋۋارنى ،
سەن غەنىمەت بىل بۇ يولدا ئەھمەدى مۇختارنى ،
ھەم ئەبۇ بەكرۇ ئۆمەر ، ئوسمان ، ئەلى كەررارنى ،
پاتىمەنى نۇرى چەشمىدىن جۇدا قىلدى فەلەك .

※ ※

كۆرگەلى ھۇسنى جەمالىڭغا گىرىپتار بولمىشەم ،
فۇرقەتىڭدىن ھەجر ئارا ھەر كېچە بىدار بولمىشەم ،
ئول قارا زۇلفىڭ تارى بوينۇمغا زۇننار بولمىشەم ،
ئىشتىياقىڭدا يانىپ مەنسۇرى بەر دار بولمىشەم ،
تىغى زۇلمۇڭدىن جانىمغە بىر ستەمكار بولمىشەم .

سەفھەئى ھۇسنۇڭدە كۆردۈم بىر مەلاھەت دەفتەرى ،
ئارەز ئۈزرە خەتتۇ خالىڭ ئېردى مۇشكۇ ئەنبەرى ،
جىسمۇ جانىمنى فىگار ئەتتى غەمىڭنى لەشكەرى ،
كۆزلەرىڭ جەللاد بولۇپ ، كىرپىكلەرىڭدۇر خەنجەرى ،
قۇمرى يەگلىغ سەرۋ قەددىڭگە گىرىفتار بولمىشەم .

ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى كۆڭلۈمنى مەن شاد ئەيلەدىم ،
ئاستانىڭدا ياتىپ ئەرزىمنى مەن داد ئەيلەدىم ،
خاكى پايىڭغە قويۇپ باشىمنى پەرياد ئەيلەدىم ،
بۇ جۇنۇن بازارىدا ئىشقىڭنى بۇنياد ئەيلەدىم ،
خەلقى ئالەم ئىچرە بىر يارى ۋەفادار بولمىشەم .

كۆزدە ئەشكىم سەل ئېتىپ ، ھەردەم فەراۋان يىغلادىم ،



كويىڭا مەجنۇن كەبى دەشتۇ بەيابان يىغلادىم ،
غۇنچە يەگلىغ لەبلەرىڭنى ساغىنىپ قان يىغلادىم ،
چۇن ۋىسالىڭ ياد ئېتىپ ، دەرد ئىچرە پىنھان يىغلادىم ،
لەيلىيۇ ئۈزرادىن ئارتۇق ياخشى دىلدار بولمىشەم .

داغى ئىشقىڭ لالەدەك سىنەمنى قىلدى چاك ـ چاك ،
خەنجەرى مۇژگان ئوقۇڭ قىلدى يۈرەكنى دەردناك ،
ئالەم ئىچرە كۆرمەدىم ھېچ بىر سېنىڭدەك زاتى پاك ،
رەھم ئېتىپ لۇتف ئەيلەگىل ، كويىڭدا بولدۇم ئەمدى خاك ،
كىردى مەشرەب يولۇڭغە بىر ياخشى گۇفتار بولمىشەم .

※ ※

ئەي مۇسۇلمانلار ، نېتەي ، مەن ياردىن ئايرىلمىشەم ،
پىتنە چەشمۇ شوخۇ خۇش رەفتاردىن ئايرىلمىشەم ،
بۇلبۇلى شۇرىدە مەن ، گۇلزاردىن ئايرىلمىشەم ،
قاشلارى يا ، كۆزلىرى خۇنخارىدىن ئايرىلمىشەم ،
بىر پەرى تەلئەت ، شەكەر گۇفتاردىن ئايرىلمىشەم .

ئول بەھارى ھۇسنىدىن ئاخىر جۇدا بولدۇم ، نېتەي ؟
غەم بىلەن مىھنەت قولىدا مۇبتەلا بولدۇم ، نېتەي ؟
ۋەسلى شاھىدىن جۇدا بولغاچ گەدا بولدۇم ، نېتەي ؟
دەردى فۇرقەتكە گىرىفتارى بەلا بولدۇم ، نېتەي ؟
بىر پەرى تەلئەت ، شەكەر گۇفتاردىن ئايرىلمىشەم .

ھەر پەرى بولغان بىلە ئۇنداق شەكەر گۇفتار ئەمەس ،
خەندە ئەيلەپ گۇل مەسەللىك ، سەرۋى خۇشرەفتار ئەمەس ،
لەبلەرىدىن جان باغىشلاپ ، كۆزلەرى خۇنخار ئەمەس ،
كېچە كۈندۈز بۇ دىلىمغە غەمدىن ئۆزگە يار ئەمەس ،
بىر پەرى تەلئەت ، شەكەر گۇفتاردىن ئايرىلمىشەم .

گۈل خەزان بولدىيۇ بۇلبۇلغە گۈلىستان قايدادۇر ؟
بۇ كۆكۈل تەختىكە ئولتۇرماقغە سۇلتان قايدادۇر ؟
ماھ تەلئەت بولدى غايىب ، نۇرى ئىمان قايدادۇر ؟
ھەقنى باتىلدىن ئايىرماقغە سۇخەندان قايدادۇر ؟
بىر پەرى تەلئەت ، شەكەر گۇفتاردىن ئايرىلمىشەم .

باغى ئالەم گۈللارى ئول ھۇسنىگە شەيدا ئېرۇر ،
كېچەنى كۈندۈز قىلۇرغە گەۋھەرى يەكتا ئېرۇر ،
شوخۇ تەننازۇ ، جەھان ئىچرە ئەجەب بەرنا ئېرۇر ،
فۇرقەتىدە زار يىغلاپ ، كۆزلەرىم دەريا ئېرۇر ،
بىر پەرى تەلئەت ، شەكەر گۇفتاردىن ئايرىلمىشەم .

سەيدى دامىڭغە سالىپ كەتتىڭ نەدەپ ، ئەي شاھباز ؟
مەن سېنى قايدىن تاپارمەن ، ئىزلەسەم ئەي سەرۋىناز ؟
سەرۋى خۇش رەفتار ئېردىڭ ، فەرق ئىلىگە دىلنەۋاز ،
مەھۋ ئېتىپسەن مەشرەبى دىۋانەنى ، ئەي بىنىياز ،
بىر پەرى تەلئەت ، شەكەر گۇفتاردىن ئايرىلمىشەم .

※ ※

ئىنتىزارى قامەتى ماھى مۇنەۋۋەر بولمادىم ،
مىسلى مەجنۇندەككى مەن ئالەمدە سەرۋەر بولمادىم ،
ئۆرتەنىپ شەمئى جەمالى بىرلە ئەخگەر بولمادىم ،
چىن تەلەب بازارىغا كىردىم ، سىكەندەر بولمادىم ،
تەرك ئېتىپ ئالەمنى ئەھمەددەك قەلەندەر بولمادىم .

نەچچە يىل دەشتۇ بەيابانلاردا يۈردۇم چەشم تەر ،
نەچچە ئۇستادى مۇكەممەللەرگە بولدۇم ھەمسەفەر ،
تاپمادى باغى مۇرادىم نەشئەئى ئىشقدىن سەمەر ،



ئۆمر بىجالىق بىلە ئۆتتى چۇ تاپماي رەھگۈزەر ،
بارىھا يۈردۇم سەرى مۇرىگە رەھبەر بولمادىم .

مۇددەتى بولدۇم رەفىق مەن ئەھلى سابىرلار بىلەن ،
گاھ خۇ قىلدى دىلىم ئەھلى مۇجاۋىرلار بىلەن ،
گاھ فەقىرلىق يولىنى تۇتتۇم مۇسافىرلار بىلەن ،
گاھ مۇئمىنگە قوشۇلدۇم ، گاھ دىلاۋەرلەر بىلەن ،
قەترەدەك تۇشتۇم سەفەرگە مەنكى گەۋھەر بولمادىم .

بۇرقەئى سالدىم باشىمغە ، كۆپ ئىبادەت ئەيلەدىم ،
تىنمايىن ھەق يولىغە بىسيار تائەت ئەيلەدىم ،
خەستە دىل كۆكلۈمنى شامدىن بىھەلاۋەت ئەيلەدىم ،
سىنەلەرنى چاك ئېتىپ ، كانى جەراھەت ئەيلەدىم ،
نىست بولدۇم يولىدا ، ئالەمگە سەرۋەر بولمادىم .

رۇھى ئۇقبانى تەلەب قىلدىم دەۋا بولغايمۇ دەپ ،
شەمئى ئىمانىم بۇ يولغە نۇر زىيا بولغايمۇ دەپ ،
بۇ قۇرۇق جىسمى گۇناھدىن بىگۇناھ بولغايمۇ دەپ ،
ئاھ ئۇردۇم شايەد مەقبۇلى دۇئا بولغايمۇ دەپ ،
ھەر ئىبادەت نىش تۇتتۇم ، دىيدەسى تەر بولمادىم .

گاھ سەركەشلىك قىلۇر ئېردى بۇ نەفسى كافەرىم ،
نەچچە دەرگەھقە تېگىپ ئاشۇفتە بولغاندۇر سەرىم ،
تا ھەۋاغە كەتتى ، ئۆرتەندى مېنىڭ خاكىستەرىم ،
مەستلەرنىڭ كۆزىگە ئامادە بولدى مىجمەزىم ،
ئانقەدەر ئۆرتەندى باغرىم ئول ، مەھى سەر بولمادىم .

مۇفلىس ئېردىم ، ناگەھان قولۇمغە تۇشتى كىميا ،
يارى بەردى بەختۇ ئىقبالىم مېنى ۋەقتى دۇئا ،
باتىنىم نۇرى ھەقىقەتتىن كى بولدى نۇر زىيا ،

ھەر نەمازى بىھۇدەكى ئەيلەدىم مەن ئىقتەدا،
ئول مۈكەممەل قولنى تۇتتى، يولدا مۇزتەر بولمادىم.

ۋەئدەئى ئۆمرۈم پۈتۈپتۇر ھەم قىيامەت چۇن قەرىب،
بو نە مۈشكىلدۇر سىرات ئۈستىدە قالسام مۇزتەرىب،
قىلماسۇن، يا رەب، ئىلاھ نۇرى غەيبىتىن بىنەسىب،
دەردى ئىشق تەگكەن كىشىگە ھاجەت ئىرمەستۇر تەبىب،
تا قىيامەت رەنجۈرىمەن، ھېچ بىھتەر بولمادىم.

يىغلاماق بولدى كېچەۋۇ كۈندۈزۈم كارىم مېنىڭ،
نالە بولدى شاھ ھىجرانىدا تەكرارىم مېنىڭ،
تا زىيادە بولدى ئول باغرىمدا ئازارىم مېنىڭ،
ئاتەشى ئىشقىدا كۆيمەك بولدى كىردارىم مېنىڭ،
رەھرەۋانلار كەتتى ھەمراھى پەيەمبەر بولمادىم.

ئايرىلىپ قالدىم ئاشۇنداق ساھىبى ئەسراردىن،
گۇل تەلەب قىلدىم ئۇشالدى دەست زەخمى خاردىن،
پىرى كامىل قايدا، ئاگاھ بولسا بۇ كىرداردىن،
غەيرى نالە چىقماغاي دىگەر سەدا بىماردىن،
سىنەدىن سەر ئۇردى ئاھىم، تەشت ئەخگەر بولمادىم.

مۇردەلىقنى ئىختىيار ئەتتىم، بۇ كۈن كەيدىم كەفەن،
مىسلى يۇسۇفتەك جەھان مۈلكىگە بولدۇم بىۋەتەن،
گۇشەئى ئۇزلەتنى ئالدىم، يۇز ياشۇردۇم خەلقدەن،
تاپماسۇن مۇردەمنى غەم دەشتىدە ھېچ زاغۇ زەغەن،
تا ئۆزى لۇتف ئەتمەدى، مەقبۇلى ئەكبەر بولمادىم.

قايتا باشدىن سىنەمى ئەفگار قىلدى ئاقىبەت،
يۇز بەلاۋۇ دەردۇ غەم ئازار قىلدى ئاقىبەت،
بىر ئەزىز باشىمنى يولدا خار قىلدى ئاقىبەت،



ئاخىرىمنى مەنسۇرى بەردار قىلدى ئاقىبەت،
بىر زەمان خالىس بۇ چەرخى زۇلمپەرۋەر بولمادىم.

مەشرەبا، ئۆمرۈمنى ئۆتكەردىم تەمامى غەم بىلەن،
ئادەمي مەقسۇدكە يەتمەيدۇر بۇ ئۆمرى كەم بىلەن،
بارامەن ئاخىر لەھەدكە دىيدەئى پۇرنەم بىلەن،
ئۆمرۈم ئۆتتى ھەمنىشىن بولماي دۇرۇست ھەمدەم بىلەن،
يولدا قالدىم، ھەمرەھى بىر پىرى رەھبەر بولمادىم.

※ ※

ئايا دوستلار، ئىشتىڭ، يارى دىل جۇيىمدىن ئايرىلدىم،
مۇساھىب بولغۇچى بىسيار خۇشخۇيىمدىن ئايرىلدىم،
كى خۇرشىدى سىمادەك يارى خۇشرويىمدىن ئايرىلدىم،
كى ھەر نەززارىسى ئايدەك پەرى رويىمدىن ئايرىلدىم،
تىرىكلىك بائىسى، دوستلار، دۇئاگويىمدىن ئايرىلدىم.

فىراقىڭ زۇلمىدە ئەيشى نىشاتىم سەرنىگۇن بولدى،
ئەلىفدەك قامەتىم غەم ئاستىدە مانەندى نۇن بولدى،
كۆزۈم ياشى تۆكۈلدى، مىسلى ئۇ دەريايى خۇن بولدى،
بولۇپ تىرە كۈنۈم، غەم دەشتىدە ھالىم زەبۇن بولدى،
تىرىكلىك بائىسى، دوستلار، دۇئاگويىمدىن ئايرىلدىم.

ئەجەلنىڭ ئىلكىدە شاھۇ گەدا فەريادلار قىلدى،
بىراۋنىڭ ئۆينى بۇزدى، بىرىن ئابادلار قىلدى،
بىراۋانى مىھنەتۇ غەمدە، بىراۋنى شادلار قىلدى،
بۇ ئالەم مۈلكىنى ئاخىر ئەجەل بەربادلار قىلدى،
تىرىكلىك بائىسى، دوستلار، دۇئاگويىمدىن ئايرىلدىم.

ئەجەلنىڭ چاڭگالىدىن ھېچ قۇتۇلماس جانۇ ـ جانۋەرلەر،

ۋەفاسى يوق ساڭا ھەرگىزكى يىغساڭ كانى گەۋھەرلەر ،
بۇ تۇفراق ئاستىغە كىردى ھەمە سەرۋۇ سەنەۋبەرلەر ،
قارا يەرگە نىھان بولدى ، دەرىغا ، ماھى پەيكەرلەر ،
تىرىكلىك بائىسى دوستلار ، دۇئاگويىمدىن ئايرىلدىم .

مۇھەببەت جامىدىن مەھرۇم بولۇپ بىر قەترە نۇش ئەتمەي ،
كى بىردەم يار ئىلە ھەمدەم بولۇپ كۆڭلۈمنى خۇش ئەتمەي ،
فىغانۇ نالە بىرلەن ھەر زەمان باشىمغە خۇش ئەتمەي،
نېچۈك ئەيلەي نەدامەت بىرلە باشىمغە خۇرۇش ئەتمەي ،
تىرىكلىك بائىسى ، دوستلار ، دۇئاگويىمدىن ئايرىلدىم .

چىقىپ سەھرا يۈزىگە لالەزارىمنى تەماشا قىل ،
سەھەرلەردە تۇرۇپ بۇ نالە ـ زارىمنى تەماشا قىل ،
تەماشا قىلغۇچى بولساڭ ، مەزارىمنى تەماشا قىل ،
يۈرەك داغىمنى كۆر ، فەسلى بەھارىمنى تەماشا قىل ،
تىرىكلىك بائىسى ، دوستلار ، دۇئاگويىمدىن ئايرىلدىم .

بۇ تاجۇ تەختى رەختىڭنى ئۆلۈم ۋەيران قىلۇر ، مەشرەب ،
ئوغۇل قىزنى يەتىم ئەيلەپ ، كۆزنى گىريان قىلۇر ، مەشرەب ،
قويۇپ يۈز داغلار سىنەڭنى ھەم بىريان قىلۇر ، مەشرەب ،
ۋۇجۇدۇڭنى ئەجەل ئاخىر سىنى يەكسان قىلۇر ، مەشرەب ،
تىرىكلىك بائىسى ، دوستلار ، دۇئاگويىمدىن ئايرىلدىم .

※ ※

مېنىڭدەك ئىنتىزارۇ يولدا ھەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆكەرگەندە قۇرۇپ يەر بىرلە يەكسان بولماسۇن ھېچكىم ،
مىسالى ئەندەلىبى بىگۈلىستان بولماسۇن ھېچكىم ،
بۇ بىكەسلىكدە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن خۇن تۆكۈپ ، باغرى تولا قان بولماسۇن ھېچكىم .



قانى بىر دەرد كۆرگەن ، رازدان ھالىمنى سورغۇدەك ،
گىرىفتارى غەمى بىسيار ئىقبالىمنى سورغۇدەك ،
تەبىبى ئىشقىدا بىمار ئەھۋالىمنى سورغۇدەك ،
بۇ بىكەسلىكدە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن خۇن تۆكۈپ ، باغرى تولاقان بولماسۇن ھېچكىم .

فىراقى دەردى بىرلە قامەتىم مانەندى نۇن بولدى ،
كۆزۈمدىن نۇر كەتتى ، ھال كۇن ـ كۇندىن زەبۇن بولدى ،
قىيامەت ئاشكارا ، سەندىن ئايرىلدىم ، بۇ كۇن بولدى ،
بۇ بىكەسلىكدە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن خۇن تۆكۈپ ، باغرى تولا قان بولماسۇن ھېچكىم .

ئۆلۈپ كەتسەم نەمۇشكىلدۇر بۇ دۇنيادا سەمەر تاپماي ،
ئۆزۈمدەك دەرد كۆرگەن ئەھلى دەردلەردىن خەبەر تاپماي ،
نە مۇشكىل تەلمۈرۈپ قالسام بۇ يولدا بالۇ پەر تاپماي ،
بۇ بىكەسلىكدە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن خۇن تۆكۈپ ، باغرى تولاقان بولماسۇن ھېچكىم .

رەفىقىم يوق مېنىڭ رازى دىلىم ئىزھار قىلغۇدەك ،
يۈرەكىم دەفتەرىنى ئالدىدە تەكرار قىلغۇدەك ،
غەرىبدۇرمەن كىشىم يوق دەردىمى ئىزھار قىلغۇدەك ،
بۇ بىكەسلىكدە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن خۇن تۆكۈپ ، باغرى تولا قان بولماسۇن ھېچكىم .

مەنى بەختى قارادىن قول يۇدى قەۋمۇ قارىنداشىم ،
مۇدام زەھرابە بولدىكى مېنىڭ ئاغزىمدەكى ئاشىم ،
دۇئا ئەيلەڭكى ، مەن تېزراق ئۆلەي ، ھېچ يوقتۇ بەرداشىم ،
بۇ بىكەسلىكدە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن قان تۆكۈپ ، باغرى تولا قان بولماسۇن ھېچكىم .

تەماشا قىلغۇدەك فۇرسەت كېرەك بىمۇتتەكالارغە ،
ئۆزۈمنى مەن ئۆزۈم سالدىم بۇ يەڭلىغ كۈن بەلالارغە ،
باشىم بىكەسلىكىمدىن تۈشتى چەندان ماجەرالارغە ،
بۇ بىكەسلىكدە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن قان تۆكۈپ ، باغرى تولا قان بولماسۇن ھېچكىم .

ئەزىز ، خۇشۋەقت ئىدىم ، ئاخىرقى دەمدە خار بولغانمەن ،
يۈرەك ـ باغرى تۈتاشقان ، غەم بىلە بىمار بولغانمەن ،
كىشىم يوق سورغۇدەككىم ، مىڭ بەلاغە يار بولغانمەن ،
بۇ بىكەسلىكدە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن قان تۆكۈپ ، باغرى تولاقان بولماسۇن ھېچكىم .

مۇسىبەت بىرلە بەرباد ئەيلەدى چۇن باد گەردىمنى ،
ئۈمىد ئەتتىم قەبۇل ئەتكەيمۇ شايەد ئاھى سەردىمنى ،
قانى بىر دەرد كۆرگەن ، ئەيلەسەم ئىزھار دەردىمنى ،
بۇ بىكەسلىكدە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن خۇن تۆكۈپ ، باغرى تولا قان بولماسۇن ھېچكىم .

يۈرەكنى كاۋلاماقلار ، لېك سەر تاپا جەراھەتدۇر ،
باشىمغە ھەر زامان ھەنگامەئى شورى قىيامەتدۇر ،
بۇ ماتەم بىرلە مەن بارسام جەھاندىن كانى ھەسرەتدۇر ،
بۇ بىكەسلىكتە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن خۇن تۆكۈپ ، باغرى تولا قان بولماسۇن ھېچكىم .

كەل ، ئەي مەشرەب ، سېنى دۇنياغە كەلتۈردى ئەمەل قىل دەپ ،
ھەر ئىشنى ۋەقتىدىن ئۆتكەزمە مۇندا ، دەرمەھەل قىل دەپ ،
دىلاۋەرلەر ھەمە كەتتى ، سەن ھەم تىنماي جەدەل قىل دەپ ،
بۇ بىكەسلىكدە مەندەك خانە ۋەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزىدىن خۇن تۆكۈپ ، باغرى تولا قان بولماسۇن ھېچكىم .



※ ※

يارنىڭ كويىدا مەن بارماق ئىدىم ،
ھەرنېچە جەبرۇ جەفا تارتماق ئىدىم ،
قانغا تولغان يۈرەكىم يارماق ئىدىم ،
ئاي سەنەمنىڭ كويىدا يۈرمەك ئىدىم ،
كاكۇلىنى كۆزۈمە سۈرمەك ئىدىم .

سەلتەنەت تەختىنى ھەركىم ئالادۇر ،
بۇندا نەۋبەت ناغراسىنى چالادۇر ،
يارنىڭ ھەجرىدە باغرىم يارادۇر ،
ئوتلۇق ئاھىم ، كۆزدە ياشىم جالادۇر،
نەچچە يىلۇ ، نەچچە ئاي تۇرماق ئىدىم .

رىشتەئى جانىم بىلە ساچ باغىمەن ،
ئاياغىن ئاستىدەكى پايپاغىمەن ،
كېچەلەر چاققان چېقىن ، چاقماغىمەن .
ئىشقىبازلار ئىچرە باغرى داغىمەن ،
ھىندۇ ، شامۇ ، رۇمۇ ، چىن بارماق ئىدىم .

كوھۇ قىرغا ياراشۇر لالە قىزاق ،
تەھ بەتەھ قاندۇر يۈرەك بارمۇ پىچاق ،
يارنىڭ ئايدەك يۈزى قىزىلۇ ئاق ،
ئەي سەنەم ، تەگدى ئوقۇڭ ـ قالدى باشاق ،
گەردىنى مىژەم بىلە قاتماق ئىدىم .

كوھى غەم ئاستىدە قالغاندۇر تەنىم ،
قايسى مەنزىلدە ئىكەندۇر سۆيگەنىم ،
دەر بەدەر ھەر يەرگە بارىپ يۈرگەنىم ،

سەن ئالۇر بولساڭ قىلىچ بىرلە جانىم ،
تەلپۈنۈپ قانىمنى مەن چاچماق ئىدىم .

سۇساسام پايداسى يوق سۇ سايداقى ،
ئەمدى بىلسەم سۇ تاپىلماس قايداقى ،
بوتا كۆز يارىمنىڭ ئۇينار تايلاقى ،
سەن ئاشۇ رەختىڭنى قويساڭ يايلاقى ،
ئوتلاتىپ يىلقىڭنى مەن باقماق ئىدىم .

ئالمانى قوشسە بولۇرمۇ نارغە ،
ھەق رىزا كۆڭۈلنى قوشقاي يارغە ،
بىر نەزەر قىلساڭ بۇ مەشرەب زارغە ،
يالبارىپ ئەرزىمنى دەي دىلدارغە ،
ياستانىپ كوينىڭدا مەن ياتماق ئىدىم .

※ ※

ئەي سەنەم ،گۇل ـ گۇل يانىپسەن مەي ئىچىپ رەخشانمۇ سەن ؟
بەرق ئۇرادۇر ئاي يۈزۈڭ ، ھەي ـ ھەي ، مەھى تابانمۇسەن ؟
خۇش كېلىپ بەرگىل جەۋابىم ، جانمۇسەن ، جانانمۇ سەن ؟
ئاللا ـ ئاللا ، پارە كۆڭلۈم تەختىگە سۇلتانمۇ سەن ؟
شىشەئى جانىمغە تۈشكەن بىر پەرى جەۋلانمۇسەن ؟

سىلكىنىپ بىر ـ بىر كېلۇرسەن ، بۇل ئەجەب مەستانەسەن ،
مەي ئىچىپسەن ، تەر چېكىپسەن تۇرفە گۇلگۇن يانەسەن ،
بۇ نەزاكەتتە تۇرارسەن ، سەن نىچۈك جانانەسەن ،
گۇلمۇسەن ، رەيھانمۇسەن ، يا دۇرمۇسەن ، دۇردانەسەن ؟
گەۋھەرۇ يەئقۇتمۇسەن ، يا لەئلى يا مەرجانمۇسەن ؟

ئارەزىڭ ئەنۋەر ، خەتىڭ ئەنبەر ، لەبىڭ شەھدۇ شەكەر ،



پىستەئى خەنداندۇر ئاغزىڭ ، كۆزلەرىڭ بادامى تەر ،
ئارەزىڭ سەھنى ئارا خالۇخەتىڭدۇر جىلۋەگەر ،
بۇ نەزاكەت بىرلە ھەي ـ ھەي ، خۇش كېلىپسەن دەرنەزەر ،
گۇلمۇسەن ، بۇلبۇلمۇسەن ، سۇنبۇلمۇسەن ، رەيھانمۇسەن ؟

ئىككى رۇخسارىڭ قىزىل گۇلدۇرمۇ يا بەرگى سۇمەن ؟
دانەئى رەيھان قارا خالۇ خەتىڭ سەھنى چەمەن ،
سىم تەن ، گۇل پىرەھەن ، شىرىن سۇخەن ، نازۇك بەدەن ،
ئادەمسەن ، يا پەرىسەن بۇ نازاكەت بىرلە سەن ،
ھۇرمۇسەن ، غۇلمانمۇسەن ، جەننەتمۇسەن ، رىزۋانمۇسەن ؟

گۇل يۈزۈڭ ، نەرگىس كۆزۈڭ ، رەيھان خەتىڭ ، گۇل غۇنچە لەب ،
مەھۇ بولدۇم ، ئەي مەھى تابان ، ج الىڭغە قارەپ ،
قامەتىڭ نەخلى بىھىشتىدۇر ، زەنەخدانىڭ رۇتەب ،
زۇلفى ئىلە خالىڭ يۈزۈڭ ئۈزرە ياراشىپدۇر ئەجەب ،
مىسرغە لەشكەر تۆكۈپسەن ، شاھى ھىندۇستانمۇسەن ؟

لەئلى رەخشاندۇر لەبىڭ ، قۇرسى ،ەبۇھى غەبغەبىڭ ،
ئاي يۈزۈڭگە خۇب ياراشۇر دانە ـ دانە كەۋكەبىڭ ،
داغلار قويدى يۈرەككە ئول قاراخالۇ خەتىڭ .
مۇنچە داغ ئەتمەك نىدۇركىم ، ئەي ستەمگەر كۆزلەرىڭ ،
ئۆلتۈرۈرسەن ، تىرگۈزۈرسەن ، ئىيسائى دەۋرانمۇسەن ؟

تا قەدەم قويدۇڭ چەمەن سەھنىگە ، ئەي بىخار گۇل ،
بولدى پايئەنداز شەمشادىڭغە ئال رۇخسار گۇل ،
قىلدى ئەۋرادىڭنى تۇرى سىنادا تەكرار گۇل ،
قەد قەرەڭ سۇنبۇل ، كولاھىڭ غۇنچەئى دەستار گۇل ،
قامەتىڭدۇر تۇرفە نازۇك ، خەمچەئى لەرزانمۇسەن ؟

تۇرفە زۇلفۇڭ ھەم ئىگىلدى چىن ـ چىن ئۇستىگە چىن ،

چىنلەر كەلدى بۇ چىن سەۋداسىغە چىن مۇلكىدىن ،
سىلىكىنىپ ئۆيدىن چىقارسەن سەرۋ بويلۇق نازەنىن ،
مەن نېچۇك قىلماي پىدا جانۇ ، دىلۇ ئىمانۇ دىن ،
خۇش كۇلۇپ جانىم ئالۇرسەن ، ئافەتى دەۋرانمۇسەن ؟

سۆزلەرىڭ شەھدۇ شەكەردۇر ، لەبلەرىڭ قەندۇ ئەسەل ،
قامەتىڭدۇر نەيشەكەر ، باشتىن ئاياغىڭ بىبەدەل ،
بىر نەۋا ئەيلەي ، قۇلاق سالغىن ، ئىشىكتىن قىل مەسەل ،
بۇلبۇلۇڭمەن ، سەن گۇلۇمسەن ھەم گۇلىستانى ئەزەل ،
مەشرەبىڭ ئۆرتەندى ، ئەي گۇل ، ئاتەشى سوزانمۇسەن ؟

※ ※

ئەي سەفا بەخشى بەھارىم ، بوستانىم قايداسەن ؟
نۇرى دىيدەم ، مۇشفىقىم ، ئارامى جانىم قايداسەن ؟
ئەي تىرىكلىك بائىسى سەرۋى رەۋانىم قايداسەن ؟
يالغۇزۇم ، ئۆيىدە رەفىقى غەمگۇزارىم قايداسەن ؟
ۋالىدەم ، مەككەم ، مەدىنەم ، مىھرىبانىم قايداسەن ؟

خاتىرىم ۋەسۋاسىدۇر ، دىۋانە دەرلەر سۆزلەسەم ،
ئەمدى ماڭا فەرز ئىرۇر بەيتۇل ـ ھەزەننى كۆزلەسەم ،
دەشتۇ ـ سەھرالاردە مەن يەتىم قوزىدەك بوزلاسام ،
مەن سىنى قايدىن تاپۇرمەن ، تاغۇ تۈزنى ئىزلەسەم ،
ۋالىدەم ، مەككەم ، مەدىنەم ، مىھرىبانىم قايدىسەن ؟

بۇ جەھاندە لەھزە ئارام تاپمادىم بىردەم تىنىپ ،
بۇلبۇلى بىچارەمەن ،سۇندى قاناتىم قايرىلىپ ،
بىنەۋادۇرمەن بۇ باغ ئىچرە پەرۇ بالىم سىنىپ ،
چۇن يەتىم بولدۇم بۇ كۇن قالدىم ئانامدىن ئايرىلىپ ،
ۋالىدەم ، مەككەم ، مەدىنەم ، مىھرىبانىم قايداسەن ؟



دوستلار ئەيب ئەيلەمەڭلار خاتىرىم ۋەسۋاسىدۇر ،
بۇ ئۆلۈمنىڭ خەنجەرى بۇرراسى چۇن ئالماسىدۇر ،
سەبر قىلغان بەندەلەر سەرخەيلى خەيرەن ناسىدۇر ،
بۇ ئۆلۈم ئادەم ئاتادىن بىزلەگە مىراسىدۇر ،
ۋالىدەم ، مەككەم ، مەدىنەم ، مىھرىبانىم قايداسەن ؟

بۇ ئۆلۈمنىڭ دەستىدىن ، ئەي دوستلار ، ھەيراندۇمەن ،
تاپمايىن ھېچ چارەئى ھەر يەردە سەرگەرداندۇمەن ،
نەيلەيىن مەن بەندەئى شايىستەئى رەھماندۇمەن ،
دەردىم ئەفزۇن ، دىل پەرىشان ، بىسەرۇ ، ساماندۇمەن ،
ۋالىدەم ، مەككەم ، مەدىنەم ، مىھرىبانىم قايداسەن ؟

بۇ ئۆلۈمنىڭ دەستىدىن مەندىن زەبۇنراق يوق كىشى ،
زار يىغلاپ بارى غەمدە سەرنىگۇنراق يوق كىشى ،
مىھنەتى ھىجراندا مەندىن ناتەۋانراق يوق كىشى ،
مەن يەتىمدىن بىنەۋا ، بىخانۇمانراق يوق كىشى ،
ۋالىدەم ، مەككەم ، مەدىنەم ، مىھرىبانىم قايداسەن ؟

نەيلەيىن يالغۇز ماڭا يوق ، بارچەغە كەلگەن ئۆلۈم ،
ھەزرەتى ئادەم ئاتامىزدىن مىراس قالغان ئۆلۈم ،
بارچە ئادەم جىسمىنى يەر ئاستىغە سالغان ئۆلۈم ،
يالغۇزۇن ماڭا ئەمەس ، ئەل جانىنى ئالغان ئۆلۈم ،
ۋالىدەم ، مەككەم ، مەدىنەم ، مىھرىبانىم قايداسەن ؟

بۇ ئۆلۈم زار يىغلاتىپ قىلدى مېنى بەرگى خەزان ،
تەندە دەرمان قالمادى ، بولدۇم زەئىفۇ ناتەۋان ،
بۇ ئاغىر يۈك ئاستىدە بولدى قەدىم مىسلى كەمان ،
بولماسۇن ئالەم ئېلىدە مەن كەبى بىخانۇمان ،
ۋالىدەم ، مەككەم ، مەدىنەم ، مىھرىبانىم قايداسەن ؟

ئەر كە ئۆستۈم دەردمەنلىك بىرلە ئادەت قىلمادىم ،
ھەر تەرەپ يەلدەك يۈرۈپ ، توقلۇققە تاقەت قىلمادىم ،
ھەرزە يۈردۈم ، بىر شەھەردە ئىستىقامەت قىلمادىم ،
ئەي ئەزىزىم ، مەن ساڭا جان بىرلە خىزمەت قىلمادىم ،
ۋالىدەم ، مەككەم ، مەدىنەم ، مېھرىبانىم قايداسەن ؟

ئايلانىپ پەرياد ئېتەرمەن خەلق ئارا پەرۋانەۋار ،
سەبرۇ تاقەت قالمادى ، ئەمدى بولۇپمەن بىقەرار ،
بولماسۇن ھېچكىم مېنىڭدەك ، بۇلبۇلى بىئىئتىبار ،
خىزمەتىڭدە ھازىر ئولماي مەشرەبىڭدۇر شەرمىسار ،
ۋالىدەم ، مەككەم ، مەدىنەم ، مېھرىبانىم قايداسەن ؟

※ ※

بۇلبۇلى بىچارەمەن ، ئەي گۇلستانىم ، قايداسەن ؟
قۇمرىدەك نالانىدىمەن ، رۇھى رەۋانىم ، قايداسەن ؟
يىغلاماقتىن قالمادى باغرىمدا قانىم ، قايداسەن ؟
ئەي پىدا بولسۇن ساڭا بۇ تەندە جانىم ، قايداسەن ؟
جان قوشىنىڭ مەنزىلى ، ئارامى جانىم ، قايداسەن ؟

لەيلى زۇلفىن كۆرسەتىپ قىلدى جۇنۇن دىۋانەسى ،
مەن ئانىڭ دەردى بىلەن بولدۇم جەھان ئەۋۋارەسى ،
ئانىڭ ئۈچۈن مەن بولۇپ خەلقى جەھان ئەفسانەسى ،
شەمئى يۈزىن كۆرسەتىپ قىلدى مېنى پەرۋانەسى ،
بالۇ پەردىن ئايرىلىپمەن ، بوستانىم ، قايداسەن ؟

ئىشق ئوتىدىن دەر بەدەر قىلدىم ، نىگارىم ، خارمەن ،
ئوت تۇتاشىپ بارادۇر ، كۆيدى دىلىم ، ناچارمەن ،
پەردەنى يۈزدىن كۆتۈر گىل ، ئاشىقى دىدارمەن ،



شىرىنۇ شەككەر لەبىڭدىن بۇسەئى خۇمارمەن ،
گەر شىفا تاپماس ، قىلاي خىزمەت ، رەۋانىم قايداسەن ؟

ئۆرتەنىپ كۆيگەن يۈرەكنى مۇنچە كۆيدۈرمەي نېتەي ؟
كۆز قاراردىن قويماسە ، كۆزۈمنى ئويدۇرماي نېتەي ؟
قول ئۈزار تىسام يەتمەسە ، قولۇمنى سۇندۇرماي نېتەي ؟
يار مەنزۇر ئەتمەسە ، باغرىمنى تىلدۇرماي نېتەي ؟
چۇغزى بىۋەيرانەدۇرمەن ، ئاشيانىم ، قايداسەن ؟

بۇلبۇل ئېردىم گۇلستانىمدىن جۇدا قىلدى فەلەك ،
ئۆتكۈزۈپ ئۆمرۈم ئىشكلەردە گەدا قىلدى فەلەك ،
مەن نە قىلدىم ، مۇنچە روزىمنى سىيا قىلدى فەلەك ،
روزى ئەۋۋەلدىن مېنى بەختى قارا قىلدى فەلەك ،
مۇبتەلا بولدۇم ساڭا ، ئەي يارى جانىم ، قايداسەن ؟

ئەسلى سورساڭ غەم ئوتىغە مۇبتەلا بولغان ئۆزۈم ،
ھەمدەمى ، جانىدەك ئەزىزىدىن جۇدا بولغان ئۆزۈم ،
ئۆرتەنىپ غۇربەت بىلەن ماتەمسەرا بولغان ئۆزۈم ،
شۇم فەلەكنىڭ جەۋرىدىن ياردىن جۇدا بولغان ئۆزۈم ،
نەۋ بەھارىمدا قۇرۇپ قالدىم ، رەۋانىم ، قايداسەن ؟

خاكسارۇ خانە بەردۇشى بولۇپمەن ، دەر بەدەر ،
نالەئى ئاھىم بىلە ئالەم بولۇر خۇنى جىگەر ،
ئۆمرى گۇلزارىم خەزان بولدى ، بولۇپمەن بىسەمەر ،
گەر تىرىكدۇرمەن ، بەرادەرلەر ، ئۆلۈكلەردىن بەتەر ،
ئەمدى ئۆز ھالىمغە يىغلاي ، مېھرىبانىم قايداسەن ؟

ئاھ نەيلەي ، مۇنچە روزىمنى پەرىشان قىلدى غەم ،
كۆز ياشىم دەريا ئېتىپ ، يوللاردا گىريان قىلدى غەم ،
دەردى بىدەر مانغە سالدى ، سىنە بىريان قىلدى غەم ،

كويىدا مەجنۇن كەبى دەشتى بەيابان قىلدى غەم ،
كەتتى قولدىن ئەمدى نەيلەي ، دەردداننم ، قايداسەن ؟

دەردى كۆپ ، دەرمانى يوق بىمارلاردىن ئۆرگۈلەي ،
خەستە بولغان سىنەسى ئەفگارلاردىن ئۆرگۈلەي ،
مۇنچە غەملەرگە ئۇلاشقان زارلاردىن ئۆرگۈلەي ،
بىر ئۆزۈمدەك سىنە چاكۇ خارلاردىن ئۆرگۈلەي ،
تۇتىئى تەبئىم ئاچىلماس ، دىلىستاننم قايداسەن ؟

دوستلار ، ئەفتادەمەن ، ئۇمىدۋارىم يوق مېنىڭ ،
دەشتۇ سەھرالاردا مەجنۇندەك ، قەرارىم يوق مېنىڭ ،
بىر تەگى دىۋارمەن ، خىشتو تەبارىم يوق مېنىڭ ،
بادەئى لەئلىن ئىچىپمەن ئىختىيارىم يوق مېنىڭ ،
قۇمرىئى باغى جەھانىم ، رازداننم ، قايداسەن ؟

ئىشق ئوتىدىن ھەر زەمان باشىمغە ئاسمان تاب ـ تاب ،
غەم بىلەن ھەمخانەمەن ، ئالەمدۇرۇر ، چەشمىم پۇرئاپ ،
بىر تەرەھھوم قىلمادى ھالىمغە ، باغرىمدۇر كەباب ،
مىسلى مەجنۇن تاشلانىپ غەم دەشتىدە ھالىم خەراب ،
ئۆچتى ھالىم ، قالمادى ، ئارامى جاننم قايداسەن ؟

ھەسرەتىڭ باشىمغە تۈشتى ، داغى ئەئزەمدۇر بۇ كۈن ،
ئاسماننى ئۆرتەسە ئاھىم بىلەن كەمدۇر بۇ كۈن ،
ئاھ ئۇرۇپ غۇربەت ئارا يىغلايكى ، ماتەمدۇر بۇ كۈن ،
بىر ئەزىز باشىمغە يۈزمىڭ غۇسسەۋۇ غەمدۇر بۇ كۈن ،
يىغلاماقتىن قالمادى ئەشكى رەۋانىم ، قايداسەن ؟

ئاخىرى قىلدى فەلەك چۇن بوستانىمدىن جۇدا ،
بۇلبۇلى شۇرىدە يەڭلىغ گۈلستانىمدىن جۇدا ،
يىغلاماي نەيلەي ، بولۇپمەن خەستە جانىمدىن جۇدا ،



يۈزمىڭ ئەرمان بىرلە بولدۇم مېھرىبانىمدىن جۇدا ،
بەھرى ئەئزەم ئىچرەسەن گەۋھەر فىشانىم ، قايداسەن ؟

ھەسرەتىم بىسياردۇر ، بەختىم زەبۇن ، ئەي دوستلەر ،
مىسلى مەجنۇندەك بولۇپمەن كوچەلەردە نەۋھەگەر ،
مەن كەبى ئەفتادە بولغان مۇبتەلانى كىم سورەر ،
ئايرىلىپ مەن مېھرىبانىمدىن بولۇپ خۇنى جىگەر ،
غەم بەيابانىدا قالدىم ، دىن كۇشانىم قايدانسەن ؟

سەن كەبى جانانەغە جانىمنى بەرسەم خۇش كېلۇر ،
بىر تەكەللومىڭغە ئىمانىمنى بەرسەم خۇش كېلۇر ،
گەر تىلىپ باغرىمدەكى قانىمنى بەرسەم خۇش كېلۇر ،
مەملەكەت ، تەختى سۇلەيمانىمنى بەرسەم خۇش كېلۇر ،
قالدىم ئاتەش ئىچرەمەن ، ھەفت ئاسمانىم ، قايداسەن ؟

مەجنۇنى سەرگەشتەمەن ، دەۋراندىن ئايرىلغان ئۆزۈم ،
بىۋەفانىڭ دەردىدە دەرماندىن ئايرىلغان ئۆزۈم ،
تەشرىفىنى كۆرمەيىن مېھماندىن ئايرىلغان ئۆزۈم ،
ھاسلى ئۆمرىدە ئول خاماندىن ئايرىلغان ئۆزۈم ،
بىمەھەل بولدۇم خەزان ، جانۇ جەھانىم قايداسەن ؟

ئافتابى ۋەززۇھادىن تولدى چۇن ئالەمگە نۇر ،
دوستلار ، داد ئەيلەدىم ، باشىمدەدۇر ھەنگامى شور ،
يىغلاسام ، دەردىڭ بىلەن كوھى بەيابان ئۆرتەنۇر ،
غەم دىيارىغە تۈشۈپمەن ، ھېچ ماڭا يوقدۇر ھۇزۇر ،
بۇلبۇلى بىبالۇ پەرمەن ، گۈلستانىم قايداسەن ؟

ھېچ مۇئمىن بولماسۇن مەندەك ئەلەمگە مۇبتەلا ،
يىغلاماي نەيلەي ، بۇ كۈن غەم بادەدۇر ، روزىم سىيا ،
دادخاھىڭمەن ، كېلىپ ئەرزىمنى تىڭشا ، پادىشاھ ،

نالەئى ئاھەڭ بىلەن دەۋزەخنى بەركىت، مەشرەبا،
ياردىن بىگانە بولدۇم، رازدانىم، قايداسەن؟

※ ※

دىلرەبا ھۆسنۈڭنى كۆرگەن بارمىكىن؟
كۆرمەيىن ئەرماندا يۈرگەن بارمىكىن؟
ھەسرەتۇ دەردىدە سۇلغان بارمىكىن
ۋەسلىگە يەتمەستىن ئۆلگەن بارمىكىن؟
غەم بىلە ھەسرەتكە تولغان بارمىكىن؟

پىرى كامىل تاپمادىم ھەريان يۈرۈپ،
رەخنەلەر بولدى يۈرەك قانغا تولۇپ،
زەئىفەران بولدى يۈزۈم گۈلدەك سولۇپ،
تەشنە بولدۇم ھەسرەتىدە ئاھ ئۇرۇپ،
تەلمۈرۈپ يوللاردا قالغان بارمىكىن؟

ھەسرەتىمگە تاغۇ تۈزلەر يىغلاغاي،
ھېچكىمىم يوقتۇر سۆزۈمنى تىڭشاغاي،
داد دېسەم شايەدكى يارىم ئاڭلاغاي،
زۈلفىنى بەندىگە چىرماپ باغلاغاي،
مەن كەبى ھەيرانە بولغان بارمىكىن؟

تاپمادىم ئۆزۈمگە ھەمدەم بىر سەنەم،
مەھرەمى يوق، باستى نەيلەي كوھى غەم،
بارمىكىن دۇنيادا مەندەك پۇر ئەلەم،
دىلرەبا، قىلما ماڭا جەبرۇ سىتەم،
بىۋەفا دەردىدە ئۆلگەن بارمىكىن؟

داغ ـ داغ ئۈستىدەدۇر باغرىمدا قان،



سەنسىزىن ماڭا كېرەك ئېرمەس بۇ جان،
ئىستەسەم تاپقايمۇمەن، ئەي بىمەكان،
يوقتۇرۇر سەندەك ماڭا بىر مېھرىبان،
مېھرىبان ئىزلەپ يۈرۈگەن بارمىكىن؟

مەشرەبىڭ مەھشەردە يىغلاپ داد ئېتەر،
ھەسرەتۇ دەردى ئەلەم بۇنياد ئېتەر،
ئۆز ياقاسىن چاك ئېتىپ فەرياد ئېتەر،
تاپماسا ۋەسلىڭ ئۆزىن ناشاد ئېتەر،
تاپمايىن شادان يۈرگەن بارمىكىن؟

※ ※

بارىپ ئايتىڭ، ئەزىزىم، كۆزلەرىمگە تۇتىيا كەلسۇن،
مېنىڭ كۈلبەمنى رەۋشەن قىلغالى ئول نۇر ـ زىيا كەلسۇن،
سالىپ بوينۇمغە زۇلفى ئەنبەرىن مۇشكى خىتا كەلسۇن،
مەنى بىدەستۇپانى كۆرگەلى ئول پادىشاھ كەلسۇن،
ئۈمىدىم باركى، رەنجۇرىنى ئىزلەپ ھەر سەبا كەلسۇن.

بەھارى فەيز بەخش كەلدى، جەھان رەڭگى چەمەن بولدى،
بۇ كۆن مەجلىس تۈزۈڭلەر، نەۋبەتى گۈل پىرەھەن بولدى،
ئاياغ باسقان يېرى سەر سەبزە بولدى، ياسۇمەن بولدى،
مەشامىم بۇيىدىن ھەر سائەتى مۇشكى خوتەن بولدى،
بۇ يولدا دوستۇ دۇشمەن بىلمەسۇن، ئول گاھ ـ گاھ كەلسۇن.

ئاشۇ روزىكى ئاڭا ئەھد قىلدىم ئەسلى ھەمدەمدۇر،
كۆڭۈل مەندىن ئول ئۈزسە، تا تىرىكمەن كۆڭۈل ئۈزمەمدۇر،
دىگەر يار ئاختۇرۇپ مەن، دەشتۇ سەھرالارنى كەزمەمدۇر،
قىيامەت سۇبھى بولغۇنچە بۇ پەيمانىمنى بۇزمامدۇر،
باشىمنى كەسسە كەسسۇن، ئايلانىپ نازۇك ئەدا كەلسۇن.

« ۋەفادارىم ! » دېدىم ، ئاخىر دەمىمدە بىۋەفا بولدى ،
بىلەلمەيمەن نې ئەيىب كۆردىكى ، ئۇل مەندىن جۇدا بولدى ،
كۆزۈمنى كاۋلىغانلارغە بارىپ ئۇل ئاشنا بولدى ،
باشىمغە خانەۋەيرانلىق تۈشۈپ قەددىم دۇتا بولدى ،
مەنى روزى سىياھنى كۆرگەلى ئۇل رەۋشەنا كەلسۇن .

مەنى بىدەستۇ پا ئۇل يار كويىغە يېتەلمەيمەن ،
ۋەلې نامەھرەمگە داغى دىلنى كۆرسىتەلمەيمەن ،
سەرى زۇلفىغە چاك سالدىم ، قولۇمنى بەركېتەلمەيمەن ،
رەۋىشۇ راھ رەسمىن بىمىھرىغە كۆرسەتەلمەيمەن ،
بارىپ ئايتىڭ ، مېنىڭ كۆلبەمگە يارى بىۋەفا كەلسۇن .

ئۆزىنى بىلمەگەنلەر ئايتادۇرلار : « ئۆزگە يار ئاختۇر ،
كۆڭۈلنى بىۋەفاغە بەرمەگىل ، بىر غەمگۇزار ئاختۇر ،
ئەگەرچە دىلرەبانى تاپماساڭ ، دىگەر دىيار ئاختۇر ،
دىلىڭنىڭ مۇددىئاسىن بىلگۇدەك بىر شەھرىيار ئاختۇر . »
مەن ئايتۇرمەن : « كۆزۈمنى ئويسا ئويسۇن ، ئاشنا كەلسۇن ! »

بۇدۇر ئەھدىمكى ، تا قەددىم دۇتا بولغۇنچە ئايرىلمام ،
لەھەد تۇپراقى تا دىيدەمگە جا بولغۇنچە ئايرىلمام ،
دۇ روزى ئەسكى ئالەمدىن فەنا بولغۇنچە ئايرىلمام ،
باشىمغە نۇھ فەلەك تا ئاسىيا بولغۇنچە ئايرىلمام ،
كى بولدى نۇھ فەلەك باشىمغە مىسلى ئاسىيا كەلسۇن .

چۇنان بىخۇدلىقىمدىن سۇبھە ئىلە شامىم بىلەلمەيمەن ،
كېتىپتۇر ئەقىل مەندىن ، پۇختەيۇ خامىم بىلەلمەيمەن ،
بىلەلمەيمەن نېچۇك ئۆتكەزدىم ئەييامىم ، بىلەلمەيمەن ،
بۇ يولدا مىسلى مەجنۇندەك سەرەنجامىم بىلەلمەيمەن ،
چىراغى دىلنى رەۋشەن قىلغالى نۇرى سەفا كەلسۇن .



گەمان ئەبرۇلارى ھەر قايسىسى بىر سەيفى جەللادى ،
يۇرەر بولسا چەمەندە قەددىدۇر مانەندى شەمشادى ،
دۇ بارە كەلمەگەي ئالەمگە مۇنداق سەرۋى ئازادى ،
بىلەلمەيمەن ، نېچۇك پەيدا قىلىپتۇر ئانى ئۇستادى ،
دىلىمغە يۈز جەراھەت بار ، ئەتمەككە دەۋا كەلسۇن .

كۆزۈمنىڭ ئاقى يەڭلىغ مېھرىبانىمدىن ئايرىلدى ،
مېنى جان مۇلكىدا ئارامى جانىمدىن ئايرىلدى ،
باشىم ئۈستىدە تۇرغان سايىبانىمدىن ئايرىلدى ،
تەشىپ باغرىمنى ئاخىر ئۇستىخانىمدىن ئايرىلدى ،
كۆزۈمنىڭ كاسەسىغە تولدى نەقشى بورىيا كەلسۇن .

بارىپ ئايتىڭ ئاشۇ زىبا سەنەمگە : « يارىڭ ئۆلدى » دەپ ،
« سېنىڭ ھەجرىڭدە كۆيگەن ئاشىقى دىدارىڭ ئۆلدى » ، دەپ ،
« تېشىلگەن تىرى غەمدىن ، سىنەسى ئەفگارىڭ ئۆلدى » ، دەپ ،
« غەرىبۇ خەستەئى ھەجرىڭ ، فىراقى زارىڭ ئۆلدى » دەپ ،
ئەگەرچە ۋەقتى ئىشرەت كەلمەدى ، ۋەقتى ئەزا كەلسۇن .

نېچۇك بولدىكى ئىسكەندەر ئىدىم ، ئىقبال پەست تۈشتى ،
كۆڭۈلنى كەندە ئەيلەپ ئاشىغە چۇن بىر مەگەس تۈشتى ،
نە مۇشكىلدۇر بەرادەر ، خانەئى ناكەسكە كەس تۈشتى ،
ئەگەرچە پادىشاھ ئىردىم ، چۇ بوينۇمغە قەفەس تۈشتى ،
بۇ مۇشكىللەرنى ئاسان قىلغالى مۇشكىل كۇشا كەلسۇن .

كەرەشمە بىر تەرەف ، نازۇ پىراق كۆيدۇردى داغىدىن ،
مەگەر ھۇرۇ تۈشۈپتۇ گۇلبەمە جەننەتنى باغىدىن ،
فىدا ئەيلەپ باشىم قىلدىم تەۋاف ، ئۆپدىم ئاياغىدىن ،
چەراغى ئاگا پەيدا ئەيلەدىم دىيدەمنىڭ ياغىدىن ،
ئۇمىدىمدۇر مېنى تىرگۈزگەلى ئەرشدىن ئىيسا كەلسۇن .

جەھاننىڭ خۇبلارىنى بىۋەفا قىلماقغەدۇر قەسدى ،
كېلىپ بىخانۇمان ، ساھىب ئەزا قىلماقغەدۇر قەسدى ،
ھەزاران دەردى غەمگە ئاشنا قىلماقغەدۇر قەسدى ،
تەگى دىۋارلەرگە مۇبتەلا قىلماقغەدۇر قەسدى ،
ئالاۋ ياقسۇن باشىمغە ، تا تىرىكمەن مۇددەئا كەلسۇن .

زەبانىمدىن تۇشۇرمەي ئايىتامەن ئول زىكرى يا رەبنى ،
مۇھەببەت يولىغە بەرباد ئېتىبان قەلبۇ ـ قالەبنى ،
ئۆزۈلۈك ئوك يولغە سالغايسەن يۇرەردە ئەھلى مەزھەبىنى ،
ئۇمىدىم كۆپ ئېرۇر ، نەۋمىد قىلمە خەستە مەشرەبنى ،
يەنە ئۇممەتىنىڭ ئەھۋالىن سورارغە مۇستەفا كەلسۇن .

※ ※

تولۇئى فەرتەۋى شەمئى جەمالىڭ كۆرگەنىم بىھراق ،
باشىڭدىن چەرخ ئۇرۇپ ، پەرۋانەدەك ئۆرگۇلگەنىم بىھراق ،
رەقىبلەر جەبرىنى تارتقۇنچە ، جانا ئۆلگەنىم بىھراق ،
كۆزۈمدىن ياش تۆكۈپ ۋەسلىڭنى ئىزدەپ يۇرگەنىم بىھراق ،
غەمۇ دەردىڭ رەفىق ئەيلەپ مۇدام ئاھ ئۇرغانىم بىھراق .

شەرىئەت شەربەتىن تاتغان ، تەرىقەت ھەلقەسىن تۇتقان ،
ھەقىقەت يارىنى سۆيگەن ، رىزالەت كۆزىنى ئويغان ،
مەلامەت كويىدا يۇرگەن ، شەرافەت شەۋقىنى سۇرگەن ،
جەھان مەيدانىنى كەزگەن ، مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن ،
سۆيەر قوللار ئىزىنى كۆزلەرىمگە سۇرگەنىم بىھراق .

يۇرۇپمەن ھەر زەمان بىخۇد بولۇپ ، يىغلاپ ، كېتىپ ئۆزدىن ،
نەدامەت ياشىنى ھەردەم تۆكەرمەن تەلمۇرۇپ كۆزدىن ،
ماڭا يوق مەھرەمى رازى دىلىمنى ئەيلەسەم سۆزدىن ،



ئاشۇ مەجنۇنى شەيدادەك ، يۇرەك ـ باغرىم ئاقىپ كۆزدىن ،
سەنەم دەپ ئاھ ئۇرۇپ سەھرا بەسەھرا يۇرگەنىم بىھراق .

قارا كۇندۇز باشىمدا يار يەتمەس بولسە دادىمغە ،
بۇ ھالىمنى كۆرۇپ رەھم ئەيلەمەس روزى سىياھىمغە ،
فەلەك يۇزى قارا بولدى مېنىڭ بۇ دودى ئاھىمغە ،
قىيامەت ھەشرىگاھىدا گۇناھلار تۇشسە باشىمغە ،
ياقامنى چاك ئېتىپ ئول دەمكى داد دەپ تۇرغانىم بىھراق .

ئاشۇ روزى ئەلەست ئەرۋاھىمىزغە خالىقى جەببار ،
« جەمالىمنى كۆرەرسەن » دەپ قىلىپتۇر ۋەئدەئى بىسيار ،
ئانىڭچۇن ئاشىقى سادىقلارىڭدۇر دىيدەئى خونبار ،
مۇيەسسەر بولماسە جەننەت ئىچىندە ۋەئدەئى دىيدار ،
بىھىشتىن تەرك ئېتىپ ، دەۋزەخ ئىچىندە كۆيگەنىم بىھراق .

ئەسىر ئەتتى مېنىڭ كۆڭلۇم قۇشىنى دىلبەرى خۇش گەپ ،
بەدەن ئەقفاسى ئىچرە مۇرغى جانىنى ساقلادى ئاسرەپ ،
مۇھەببەت جامىنى جانىمغە سۇندى ئەيلە دەپ ئىشرەب ،
خەزان بولماي گۇلىستانى بەھارى ئۇمر ، ئەي مەشرەب ،
سەھەر ۋەقتىدا بۇلبۇلدەك فىغانلار قىلغانىم بىھراق .

※ ※

مىسلى رۇھمەنكىم مىيانى جاندا يۇردۇم ئاختارىپ ،
ھەمچۇ ئادەم جەننەتۇ رىزۋاندا يۇردۇم ئاختارىپ ،
نەۋھە قىلدىم نۇھدەك تۇفاندا يۇردۇم ئاختارىپ ،
چۇن خەلىلدەك ئاتەشى سۇزاندا يۇردۇم ئاختارىپ ،
مىسلى ئىسمائىل كەبى قۇرباندا يۇردۇم ئاختارىپ .

مەنزىلىم بولدى مۇسادەك ھەر زەمانى كوھى تۇر ،

تا دىلىمغە تابلاغاي دەپ مەزھەرى نۇرىغە پۇر ،
داۋۇدى سەرمەستدەك ئىلكىمگە ئالغانمەن زەبۇر ،
تا مۇسادەك پەردەلەردىن ئۆتمەسە نۇر قايدەدۇر ،
چەرخ ئۇرۇپ سەرمەنزىلى ئۇمراندا يۇردۇم ئاختارىپ .

جۇستۇجۇ قىلدىم بۇ يولدا ، تاكى ئۇردۇم دەستۇ پا ،
گاھ تەرسا ، گاھ مۇئمىن ، گاھى شەيخى خانىقا ،
گاھى ئۇرۇس ، گاھى چىر كەس ، ئەرمەنىيۇ رۇسىيا،
گاھ ئەمىرۇ گاھ فەقىرلەر بىرلە بولدۇم ئاشنا ،
دەر مىنى كۇففار ئىلە ئىماندا يۇردۇم ئاختارىپ .

ھەمچۇ سالىھدەك بۇ يولدا ناقەتۇللا ئىزلەدىم ،
ئارزۇ مەندى تەجەللى نۇرى مەۋلا ئىزلەدىم ،
قەترەمەن ، ۋەقتى سەھەر بولغاندا دەريا ئىزلەدىم ،
گاھ دۇنيا دەپ يۇگۇردۇم ، گاھ ئۇقبا ئىزلەدىم ،
ھەمرەھى ئىيسا بولۇپ ئاسماندا يۇردۇم ئاختارىپ .

چەھار ئەركانىن قىدىردىم ، ھەر جەھەتدىن يەك بەيەك ،
چاكەرىم بولدى مىنىڭ دائىرەئى ھۇرى مەلەك ،
جۇملەسى ھۇكمىمدە بولدى ، تا سەمادىن تا سەمەك ،
پايمالى خاكى پايىم بولدى ئاندا نۇھ فەلەك ،
ئەرش ـ كۇرسىدىن ئۆتۇپ ، پىنھاندا يۇردۇم ئاختارىپ .

سىدرەدىن قىلدىم سەفەر تا مەنزىلى جىبرىلغەچە ،
تا بۇراقى ھىممەتىم يۇزلەندى مىكائىلغەچە ،
جان كەپى دەستىمدە باردىم قەسرى ئەزرائىلغەچە ،
باقىيەم ، ئۆلمەم ، تىرىكمەن سۇرى ئىسرافىلغەچە ،
قابە قەۋسەينى كېزىپ ، مەيداندا يۇردۇم ئاختارىپ .

بارگاھى كىبرىيادىن تاپمادىم ھەرگىز خەبەر ،



زىكرىيادەك رىزەلەر قىلدى باشىمنى ئەررەلەر ،
گەرمى ماتەم مىسلى ئەييۇبدەك قىلىپ سەد رىزەلەر ،
تاكى يەھيادەك فەنا دەشتىدە قالدىم چەشمى تەر ،
ئەل ـ ئەتەش دەپ ئالەمى ئىمكاندا يۇردۇم ئاختارىپ .

تاكى مەن ياقامنى چاك ئەتتىم ، پەرىشان يىغلادىم ،
كوھلار سۇدەك بولۇپ ئاقتىكى چەندان يىغلادىم ،
مىسلى يەئقۇبدەك فىراقى ماھى كەنئان يىغلادىم ،
مەن بۇ ئۆز ھالىمغە ھەر سائەت فەرۋان يىغلادىم ،
چۇن زۇلەيخادەك ئانى زىنداندا يۇردۇم ئاختارىپ .

ۋەسل بازارىنى ئىزدەپ ، غەرقەئى تۇپان بولۇپ ،
تەختى بەخت تاپتىم سۇلەيماندەك كېزىپ ، سۇلتان بولۇپ ،
ھەمچۇنان جەيھۇنچە تاشتىم بەھرى بىپايان بولۇپ ،
چۇن سەفەر قىلماقچى بولدۇم ، دىيدە باغرىم قان بولۇپ ،
مەئرەفەتنى خەتتى ئەررەھماندا يۇردۇم ئاختارىپ .

كەربەلا دەشتىدە قالدىم ، مەشرەبا، نالان بولۇپ ،
زەھرلەر ئىچتىم ھەسەندەك ھەمدەمى ھىجران بولۇپ ،
ئول ھۇسەيندەك بۇ رەباتى كۇھەگە مىھمان بولۇپ ،
فەتھى نۇسرەت روزى قىلدى ئەنتە ئەللامۇل ـ غۇيۇب ،
ئاخىرى تاپتىم ، ۋەلي ۋەيراندە يۇردۇم ئاختارىپ .

※ ※

ئىلاھا ، رەھم قىل مەن خەستەگە ، كۆپ ناتەۋاندۇرمەن ،
قىزىلگۈل غۇنچەسىدەك تەھ بەتەھكىم باغرى قاندۇرمەن ،
قىلۇرغە شەرھى دىل يوقتۇر زەبانىم ، بىزەباندۇرمەن ،
غەرىبۇ ، بىكەسۇ ، بىمەنزىلۇ ھەم بىمەكاندۇرمەن ،
گەدايى خانە بەردۇشىكى رەسۋائى جەھاندۇرمەن .

بەلا دەشتىدە مەجنۇندەك مېنىڭ دىۋانەدۇر كۆڭلۈم ،
جۇنۇن بازارىدا مەنسۇر كەبى ئەفسانەدۇر كۆڭلۈم ،
مۇھەببەتدىن باشىم سوزان بولۇپ پەرۋانەدۇر كۆڭلۈم ،
تۈشۈپ زىندانى غەم ئىچرەكى بەندى خانەدۇر كۆڭلۈم ،
ئەسىرى غەم بولۇپ بەند ئىچرە رەڭگى زەئفەراندۇرمەن .

مۇنەۋۋەر ماھ ئىدى بەختىم ، قىلىپ گەردۇن بۇ ھالە ،
بۇ يەڭلىغ تىيرە بەخت ئولغان كۆڭۈل پەرگالە ـ پەرگالە ،
چەراكىم كىرپىكىم ئۈستىدەدۇر مانەندەئى ژالە ،
مۇھەببەت شەۋقىدىن ھەردەم قىلۇرمەن قۇمرىدەك نالە ،
كېچەدىن تا سەھەر مەن ھەمدەمى ئاھۇ فىغاندۇرمەن .

جەھاننى بىبەقا دەرلەر ، قانى كەيخۇسرەۋۇ داراب ،
قانى جەمشىد ، ئىسكەندەر ، قانى رۇستەم ، قانى سۇھراب ،
قانى ئول جۇملە پەيغەمبەر ، قانى ئول ساھىبى مىھراب ،
قانى بۇ بەكرى سىددىقۇ ئۇمەر ، ئۇسمان دۇرى ناياب ،
قانى ھەيدەر دەر ئېردىلەركى : « مەن ساھىب قىراندۇرمەن . »

تەمامى مۈلكى ئالەمنى ئەجەلنىڭ چاكەرى كۆردۈم ،
خەيالىمغە نەزەر قىلدىم ، ئۆزۈمنى ئازەرى كۆردۈم ،
بېرىپ رايىغە مەن يۈردۈم ، بۇ نەفسى كافەرى كۆردۈم ،
بۇ دەيرى كۆھنەگە باقتىم ، بۇزۇلغان ئەنگەرى كۆردۈم ،
كى مەن يول ئۆتكۈچى مۈندىن غەرىب بىر كارۋاندۇرمەن .

بۇ مەشرەب ئاستانەڭگە كىلىپتۇر شەيئىلىللاھ دەپ ،
گەدائى دەبدەبەدۇرمەن ھەمىشە ئىسمى ئەللاھ دەپ ،
ئەدەم مۈلكىگە يۈزلەندىم ، قىلاي ئىماننى ھەمراھ دەپ ،
بۇ ھەققى ئالى ئەسھابىڭ قۇرۇق قايتۇرما گۇمراھ دەپ ،
قايان بارغايمەن ، ئەي ئەھمەد سەگى بۇل ئاستاندۇرمەن .



※ ※

ئىنسۇ جىن ، ھورۇ مەلەك ، ئەي دىلرەبا ، يارىڭ سېنىڭ ،
ئالدى ئاي ، كۈندىن قەرارۇ سەبرى رۇخسارىڭ سېنىڭ ،
يەرگە باقغاي سەرۋ ھەرگاھ كۆرسە رەفتارىڭ سېنىڭ ،
گۈل تىكەندىن باش چىقاردى ـ كۆزدىكى خارىڭ سېنىڭ ،
ئەي گۈزەل ، جىسمىمغە ئوتلار ياقتى ئەتۋارىڭ سېنىڭ .

زىننەتىڭگە ھەق ياساپدۇر باشىڭ ئۆزرە قەرقەرەڭ ،
ھۈسن ئەيۋانىنىڭ ئۆزى كىرپىكىڭدۇر پەنجەرەڭ ،
كىم قەفەسدە ئاسرامىش ھەق ئىككى ئاھۇيى سەرەڭ ،
نىئمەتىم بار ، لەززەتىم بار دەۋلەتىڭدە رەڭ بە رەڭ ،
دەۋلەتىڭ بولماس زەۋال ھەقدۇركى كىردارىڭ سېنىڭ .

سەندە مەۋجۇد ئاي بىلەن كۈن ماھى ، بۇيى گۈلمۇ ھەم ،
باغىڭ ئىچرە سايراماقغە خۇشنەۋا بۇلبۇلمۇ ھەم ،
ئىشق ئېلىگە ئىشرەتىڭدىن غۇنچە لەبدىن مۇلمۇ ھەم ،
چەشمى بەد دەفئىگە ئۇدۇ ئەنبەرى سۇنبۇلمۇ ھەم ،
سىدقىدۇر توققۇز فەلەك ، ئەي شوخ ، گىرىفتارىڭ سېنىڭ .

كىم سېنىڭ ھۈسنۈ جەمالىڭ كۆرمەك ئىزدەپ زار ئەمەس ،
سەرۋ رەفتارى خەيالىڭ كۆڭۈل ئىچرە بار ئەمەس ،
تىرى غەمزەڭدىن يۈرەك ـ باغرى ئانىڭ ئەفگار ئېرمەس ،
بىقەرارۇ ئىنتىزارۇ ئەبرى گەۋھەر بار ئەمەس ،
ئىشقدىن مەن يالغۇز ئېرمەس ، جۇملە بىمارىڭ سېنىڭ .

كىم ئەلىفدەك جان ئىچىندە قەددىڭ ، ئەي نازۈك بەدەن ،
ئىككى كۆزۈڭ نۇقتەسى جىم ، نۇن ئارا دۇررى ئەدەن ،
ھەر تەرەفدىن قان ئاقىپ ، گۈلزار بولدى خار دەن ،

كىم ئەمەس ئەۋۋارەۋۇ ھەم زار مەلامەت گويىمەن ،
گۇلشەنى خۇنرىزدەك ئەفلاك خۇنبارىڭ سېنىڭ .

ئاسماندىن مىھرى ئەنۋەر كۆرسەتۇر گۇلدەستە يۈز ،
فەرتەۋىدىن چۇن گۇلى خەندان بولۇر ھەرتاغۇ تۈز ،
ساقىيا ، يەتتى مەلامەت لۇتق ئەيلەپ بادە سۇز ،
دانەئى تەسبىھدەك كۆكلۈك چېكىلگەن بولسا ئۈز ،
تاپماغاي ئىقبال بۇ سۇننەت بىلە كارىڭ سېنىڭ .

دەردىڭ ئۇلسە ئىشقدىن ، مەي بىرلە دەرمان ئەيلەگىل ،
لەئلى ئورنىدا يۈرەك ـ باغرىڭنى بىريان ئەيلەگىل ،
مەيفۇرۇشلار بىرلە مەھكەم ئەھدۇ پەيمان ئەيلەگىل ،
شەمئىگە مۇغ دەيرى بەزمىدە فىدا جان ئەيلەگىل ،
بولسۇن ئول خەيل ئىچرە كۆكسۈك داغى گۇلزارىڭ سېنىڭ .

جانۇ دىل بولسۇن كەباب ، ھەرگىز سىرىڭ پاش بولماسۇن ،
ئىشق سىررىن ئاسراغان ئەل تەركى بەرداش بولماسۇن ،
بۇلھەۋەسلەر ئىشق زار ئەتكەنگە سىرداش بولماسۇن ،
كىم گۇھەر تولغاندا جامىڭ چۇن قارا تاش بولماسۇن ،
غەيرى ئاشىق بولماسۇن ھەرگىز خەرىدارىڭ سېنىڭ .

شام بولسۇن ئىشق ئوتىدىن تەندە مىرئاتىڭ سېنىڭ ،
بولماسۇن بىسوزلۇق ئىشق ئىچرە ئەبياتىڭ سېنىڭ ،
سوزى ئىشقىڭ گەر ئاغىزدا ، جاندا لەززاتىڭ سېنىڭ ،
ئۆتسە مەشرەب ، ئىشق نامى بىرلە بۇ ئاتىڭ سېنىڭ ،
ئىشق نەقدىدىن پۇر ئولسۇن كۇندە بازارىڭ سېنىڭ .

※ ※

ئەي كۆزۈمنىڭ شامىيۇ ھەم نۇرى دىيدەم رەۋشەنى ،



ئادەمى ئىمانغە يەتمەي ھېچ ۋەقت بولماس غەنى ،
مەردۇ مازارى قىلىپ بولما خۇدانىڭ دۇشمەنى ،
ئاسمانغە يەتسە باشىڭ قىلماغىل ماۋۇ مەنى ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

كېچەۋۇ كۇندۇز ئەگەر قۇرئان تىلاۋەت ئەيلەسەڭ ،
شەبنى راز ئەيلەپ مۇدام تەقۋايى تائەت ئەيلەسەڭ ،
مىسلى ھاتەمدەك بولۇپ خەيرى سەخاۋەت ئەيلەسەڭ ،
كەئبەئى مەقسۇدنى مىڭ بار زىيارەت ئەيلەسەڭ ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

مەشرىقۇ مەغرىبنى كەزسەڭ يوق بۇ دەردىڭگە تەبىب ،
قىلماغاي ئۇندا شەفائەت سەييىدى نۇرى ھەبىب ،
كۆيدۈرۈر ئول مالىكى دەۋزەخ سېنى ئاخىر مۇجىب ،
يۈز فىغانۇ نالە قىلساڭ ، ھېچ كىشى كەلمەس قەرىب ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

دىنى ئىمانىڭ بىلەن ئۇرساڭ بۇ يولدا دەستۇ پا ،
زورى بازىڭ بىرلە ئەتسەڭ ئوتتۇز ئۈچ مىڭ خانىقا ،
ئاسماندىن تۈشسە ئىيسا ، قىلسا ھەققىڭگە دۇئا ،
مۇرشىدىڭ خىزرى زەمان بولسا ، بولالماس رەھنەما ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

بۇيى رەھمەت ئاڭا يەتمەس ، كىمكى بەدكىردادۇر ،
گەر ئانى قىلماس قەبۇل ، چىركىن تېنى مۇردادۇر ،
چۇن خۇدا بەندەم دېمەس ، ھەركىمكى دىل ئازاردۇر ،
كىم پەدەر ئازاردۇر ، ئاندىن خۇدا بىزاردۇر ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

نەچچە يىل ، تۈن ـ كۈن ئەگەر تىنماي ئوقۇساڭ ئىلمى قال ،

ھېچ ۋەقت ئىمانى پاكىڭغە تاپالماسسەن كەمال ،
ھەر زەمىنى شورەزارىدۇر ، كۆكەرمەسدۇر نىھال ،
ئەرزەنىگە ئەرزىمەس يول ئۈستىدە سىنغان سەفال ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

تەۋبە قىلساڭ ئۈشبۇ كىردارىڭغە ھېچ بولماس قەبۇل ،
ئىككى ئالەمدە دېمەس دوست چەھاريارۇ ھەم رەسۇل ،
يىغلابان قىلسا دۇئا جۇملە مەشايىخ بولسە كۇلل ،
كەلمەگەي مەقبۇل دۇئا ئول پادىشاھى خاجە ، قۇل ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

سەن ئەلەستە ئەيلەگەن ۋەئدەڭگە تۇرغانىڭ قانى ؟
ئەھدى كامىل ئەيلەدىڭ ، ئەھدىڭدە تۇرغانىڭ قانى ؟
تالىبى سادىق بولۇپ يولۇڭدا يۈرگەنىڭ قانى ؟
زەرقەئى سەججادەلەرنى بەرھەم ئۇرغانىڭ قانى ؟
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

قايسى يۈز بىرلە بارۇرسەن ئاخىرەت قەبر ئىچرە باز ،
ئاتەشى نەمرۇدقا كۆيسەڭ ئۈشبۇ كىردارىڭغە ئاز ،
تائەتۇ تەقۋادا بولساڭ سەدھەزاران قىشۇ ياز ،
كۈندە ھەربىر مالنى دەردىڭگە خەيرات قىلساڭ ئاز ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

لايىقى دەۋلەت ئەمەڭ ، يولدىن چىقىپسەن بەدسىرىشت ،
ئۆمرۈڭ ئۆتتى ۋادەرىغا ، قىلمادىڭ بىر ياخشى كىشت ،
كۆرمەدىم ئالەمدە سەندەك بەندەئى ئەفئالى زىشت ،
ھېچ ۋەقت يۈزۈڭگە تەگمەسدۇر سېنى بويى بىھىشت ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

تائەتىڭ بىھۇدەدۇر ، ھەرگىز تاپالماسسەن سەمەر ،



سەد ھەزاران نىكىنى بىر خۇيى بەد بەرھەم ئۇرار ،
ئەي مۇكەددەر ، دامەنىڭ كۆيىدى ئۆزۈڭدىن بىخەبەر ،
ئەرشى ئەئزەمدىن ئۇلۇغتۇر بەندەگە ئەمرى پەدەر ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

مەھدىئى ۋەقت چىقسە ، ئاخىر ساڭا بولماس راھبەر ،
سەن دۇئا قىلساڭ يەنە ئامىن دېمەس پەرىشتەلەر ،
شۇملۇقىڭدىن بەس قورىغاي دەشتۇ سەھرا بەھرۇ بەر ،
بۇيى رەھمەتدىن نەسىمى يوقكى جايىڭدۇر سەقەر ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولما سېنىڭ .

مۇندا كەلدىڭ كۆللى دانىشلارنى خاتىردىن ئۇنۇت ،
كۆزنى ياشى بىرلە ھەر سائەت تىگىرمەنلەر يۈرۈت ،
باغى ھىرسىڭنى مۇھەببەت ئاتەشى بىرلە قۇرۇت ،
بەندەئى سابىت قەدەم بولساڭ پەدەر ئەمرىنى تۇت ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

بى ئەدەبلىك قىلماغىل ساھىب نەزەرنىڭ ئالدىدا ،
پا دەراز ئەتمەك نە لازىم ، ياخشىلارنىڭ ئالدىدا ،
ئاسراغىل پاكىزە جىسمىڭ شورۇ شەرنىڭ ئالدىدا ،
بىر غۇلامى بىدىرەم بولغىل پەدەرنىڭ ئالدىدا ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

ھېچ ئاقىل ئۆزىنى ئەھلى كەسافەت ئەيلەمەس ،
بۇ گىياھى تەلخنى ھېچكىم زىرائەت ئەيلەمەس ،
كىم پەدەر ئازاردۇر ئەھمەد شەفائەت ئەيلەمەس ،
بەندەئى مۇئمىن ئەمانەتكە خىيانەت ئەيلەمەس ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سېنىڭ .

مەشرەبا ، ئەزمى سەفەر قىلغىل نىكۇ كىردار بول ،

بەندەلىكنى پىشە تۇت ، شەب تا سەھەر بىدار بول ،
ئاخىرەتنىڭ خەۋپىدىن قان يىغلاغىل ، ھۇشيار بول ،
باغى رىزۋان ئىستەسەڭ ، ئەمرى پەدەرگە يار بول ،
تا ئاتاڭ رازى ئەمەس ، تەۋبەڭ قەبۇل بولماس سىنىڭ .

※ ※

ئىلاھا ، تەشنەلەرنى مەۋج ئۇل دەرياغە يەتكۈرگىل ،
ھەمان سەرمەنزىلى ئۇل ئادەمۇ ھەۋۋاغە يەتكۈرگىل ،
ئەنىسىم ، مۇنىسىم ، جانىم خەلىلۇللاغە يەتكۈرگىل ،
مەقامى قۇربەتى نۇھى نەبىيئۇللاغە يەتكۈرگىل ،
تەلەبدە جان پىدا قىلغان زەبىھۇللاغە يەتكۈرگىل .

بۇ زۇلمەتخانە دۇنيادا مېنى بىدار قىل ، يا رەب ،
باشىمغە شورىشى سالغىل ، مېنى ھۇشيار قىل ، يا رەب ،
كەرەملىك رەھمەتىڭدىن تەشنەمەن ، سەرشار قىل ، يا رەب ،
كۆزۈمنىڭ ئىنتىزارى ئاشىقى دىيدار قىل ، يا رەب ،
مەقامى رەببى ئەرنى ئىزدەگەن مۇساغە يەتكۈرگىل .

تەلەب قىلدىم ، بۇ يولدا ئىككى دۇنيادا بەدەۋلەت قىل ،
ئەگەرچەندىكى قۇلمەن ، مېنى ساھىبى سەئادەت قىل ،
ئاداشقان ئاسىي قۇللارنى قۇلۇمسەن دەپ ھىدايەت قىل ،
چىقارغىل ماۋۇ مەنلەرنى ، قاتارى ئالى ھىممەت قىل ،
قەنائەت بەرگىل ، ئەۋجى مەنزىلى ئىيساغە يەتكۈرگىل .

پەناھ بەرگىل ، ھىدايەت قىل جەھەننەمنىڭ تانۇرىدىن ،
تۇفەيلىدۇر بۇ يول ، ئەفۇ ئەيلە ، داۋۇدنىڭ زەبۇرىدىن ،
چىقارغىل خاتىرىمنى نەفسى شەيتاننىڭ غۇرۇرىدىن ،
دىلىمغە ئاھى سەردى بەركى ئىسرافىلنى سۇرىدىن ،
قولۇمنى تۇتقىلۇ داۋۇدى باتەقۋاغە يەتكۈرگىل .



ئاداشقان ئاجىزۇ بىدەستۇ پالارنىڭ ھەقى ، يا رەب ،
بۇ دۇنياۋۇ ئۇ دۇنيا مەست پىرلارنىڭ ھەقى ، يا رەب ،
يولۇڭدا تەشنە قالغان بىجىگەرلەرنىڭ ھەقى ، يا رەب ،
قىيامەت خەۋپىدىن قان يىغلاغانلارنىڭ ھەقى ، يارەب ،
باشىغە ئەررە كەلگەن رۇھى زىكرىياغە يەتكۈزگىل .

ھەمە ئالۇدەلىكدىن ساقلا ، يا رەب ، جىسمۇ جانىمنى ،
نىكۇلار رۇھىغە پەيۋەند قىل رۇھى رەۋانىمنى ،
چۇنان گۇمنام قىل ، خەلق بىلمەسۇن نامۇ نىشانىمنى ،
كېتەردە بەرمە شەيتان دەستىگە ، يا رەب ، ئىمانىمنى ،
بۇ ھەر جامەندەلەرنى ھەزرەتى يەھياغە يەتكۈرگىل .

كويۇڭدا مىسلى مەنسۇردەك كۆيۈپ ئاتەشكە تۇشكەن كۆپ ،
سېنىڭ دىيدارىڭ ئىزلەپ ھەشت جەننەتكە يېتىشكەن كۆپ ،
خەلىلدەك سەد ھەزان ئاتەشى نەمرۇدغە كۆيگەن كۆپ ،
قىيامەت ۋەھمىدىن زەنجىرى قۇدرەتكە ياپىشقان كۆپ ،
ھەمەنى ھازىر ئەتكىل ، پەستىدىن بەلاغە يەتكۈرگىل .

يۇبەردىڭ ھەزرەتى يونۇسنى سەن ئۇل بەتنى ماھىگە ،
گىرىفتار ئەيلەدىڭ ئەييۇبنى ماتەملىك بەلايىگە ،
ئاشۇنداق ھەزرەتى يۇسۇفنى سالدىڭ غەمنى چاھىگە ،
نەزەر قىل ، يا ئىلاھى ، سىنەئى چاكلەرنى ئاھىگە ،
ئىلاھا ، دەرد كۆرگەن ئەييۇبنى داناغە يەتكۈرگىل .

ياقىن كەلدى قىيامەت ، ۋەقتى ھەركىمدىن خەبەر بەرگىل ،
نەدامەت ئەشكىنى دىيدەمگە تۆككىل ، چەشمى تەر بەرگىل ،
ئۇچاي رەھمەت سارىگە جىبرەئىلدەك بالۇ پەر بەرگىل ،
ئىلاھا ، باغى ئۇممىدىمگە لۇتفىڭدىن سەمەر بەرگىل ،
گۇزەر گاھى سىراتتىن ئۆتكەرىپ ئۇقباغە يەتكۈرگىل .

كېتەردە بەلغەمى بائۇردەك سەن قىلما بىجەۋھەر ،
ئەۋەل مۇئمىن قىلىپ ئاخىر قولۇمدىن ئالماغىل گەۋھەر ،
ھەمە رەختىمنى يول ئۈستىدە بارىپ قىلماغىل مۇزتەر ،
شەفىئى قىلدىم بۇ كۈن بارىپ بەھەققى نۇرى پەيغەمبەر ،
ئىلاھا ، سەجدە ۋەقتى رەببىيەل ئەئلاغە يەتكۈرگىل .

بۇ ھەر جامەندەلەر يول ئۈستىدە ئۈممىدۋارىڭدۇر ،
قاچان رەھمەت يىتۈشكەي دەپ ھەمىشە ئىنتىزارىڭدۇر ،
ئەلەستىنىڭ خەمرىنى ئىچكەن ھەمە بىئىختىيارىڭدۇر ،
نەزەردىن سالمە مەزلۇملارنى كەمتەر خاكى سارىڭدۇر ،
شەفائەت ۋەقتى ئۈممەتنى رەسۇلۇللاغە يەتكۈرگىل .

ھەمە رەختىنى باغلاپ يولدا مۇستەردۇر سەپەر ۋەقتى ،
ئىلاھا تۈشەسىز ئۆتكۈزمەگىل مۇنداق سەمەر ۋەقتى ،
خۇدايا ، دىيدەلەرنى خۇشك قىلما چەشمە تەر ۋەقتى ،
نەدامەت بىرلە ئىلتىكىل جۇملە ئۈممەتنى كېتەر ۋەقتى،
كەرىمسەن ، بەندەنى ئۆزۈڭ مائەۋجاغە يەتكۈزگىل .

بۇ بىر جامەندەلەرنىڭ سەندىن ئۆزگە تەكيەگاھى يوق ،
پەناھى ئىسمەتىڭدىن ئۆزگە مەنزىلدە پەناھى يوق ،
سىراتەل مۇستەقىمدىن ئۆزگە يول يۈرمەككە راھى يوق ،
كىمگە ئەرز قىلسۇن سەندىن ئۆزگە پادىشاھى يوق ،
ھەمە ئۈممەتنى ئەرزىن شاھى ئەۋئەدناغە يەتكۈرگىل .

جەھان سەۋداسىدىن ئازاد قىلغىل زار قۇللارنى ،
ئۆزۈڭ ئۇك يولغە سالغىل جۇملە بەد كىردار قۇللارنى ،
شىفايى كەۋسەرىڭدىن شادقىل بىمار قۇللارنى ،
جەھەننەم ئاتەشىدىن مەخلەس ئەت بىدار قۇللارنى ،
بۇ ئەئماللارنى ، يا رەب ، دىيدەئى بىيناغە يەتكۈرگىل .



رەۋان قىل ئەشك دەرد ئالۇدى چەشمى خۇن پىشانىمدىن ،
ئۆزۈڭ ئاگاھ بەرگىل ، بەندەمەن ، سودۇ زىيانىمدىن ،
خەبەردار ئەيلەگىل شەرمەندەمەن ، ياخشى ـ يامانىمدىن ،
ئۆزۈڭ ئازاد قىلغىل نەفسى سەركەش بەدگۇمانىمدىن ،
قولۇمنى تۇتقىل ، ئەۋۋەل جەننەتۇل ـ مەئۋاغە يەتكۈرگىل .

ئەگەرچە مۇندا بىز سەر تاقەدەم غەرقى گۇناھ كەلدۈك ،
يۈتۈرگەن مەقسۇدىنى ، يولغە قالغان بەخت قارا كەلدۈك ،
سەئادەتتىن جۇدا ، شەرمەندەئى روزى جەزا كەلدۈك ،
بەھەر سۇرەتتە كەلدۈك ، رەھمەتىڭگە ئاشنا كەلدۈك ،
ئىلاھا ، ئەرزى ئەھۋالىمنى ئالىي جاغە يەتكۈرگىل .

ئاداشقان بەندەدۇرمەن ، نەۋھە بولدى كارىمۇ بارىم ،
ساقال ئاقاردى ، تىش تۈشتى ، سوغۇق بولغاندا بازارىم ،
كى دۇر ئەفتادەدۇرمەن ، كىمگە ئايتاي نالەۋۇزارىم ،
بۇ مۇزتەرلىكدە رەھم ئەيلەپ ئۆزۈڭ بولغىل خەرىدارىم ،
ھەمەنى نامەسىنى ـــ خەتتىنى ئىماغە يەتكۈرگىل .

ھەمە جان قايغۇسىدە ، نۇرى جاندىن بىخەبەر قىلمە ،
مىسالى بۇتپەرەستلەردەك ئىماندىن بىخەبەر قىلمە ،
كۆكۈل باغىغە يەر بەردىڭ ، خەزاندىن بىخەبەر قىلمە ،
كېتەر ۋەقتى ئېرۇر ئاھۇ فىغاندىن بىخەبەر قىلمە ،
بۇ مۇفلىسلارنى ، يا رەب ، دەستىنى كىمياغە يەتكۈرگىل .

بۇ غەفلەت خانەدىن بىدار قىل ، بەندەڭنى ئويغاتقىل ،
ئەگەر كەج يولغا كەتسەك ، بىزگە توغرى يولنى كۆرسەتكىل ،
خەتاۋۇ مەئسىيەتلەرنى كۆرەيلى ، تەۋبە ئۆرگەتكىل ،
تۈبەنلەپ كەتمەگەي ، لۇتفىڭ بىلەن بەندەڭنى قورقۇتغىل ،
فەرەھ بەرگىل دىلىمغە ، ئايەتى تاھاغە يەتكۈرگىل .

ئاداشقان مەشرەبى ، قىلدىم ساڭا ئىفشايى رازىمنى ،
زىيادە ئەيلەگىل سىنەمدەكى سوزۇ گۇدازىمنى ،
ھەقىقەتكە مۇبەددەل قىل بو تەقلىدى مەجازىمنى ،
قەبۇل ئەت دەرگەھىڭغە ، خەستەمەن ، ئەجزۇ نىيازىمنى ،
ھەمە ئۇممەتنى ، يا رەب ، دەۋلەتى ئۇزماغە يەتكۈرگىل .



# مۇسەددەسلەر

※ ※

نى غۇربەتلەرنى چەكتىم ، چەرخى بىبۇنياد ، دەستىڭدىن ،
مۇدام ماتەمدە قالدىم ، بولمادىم دىلشات دەستىڭدىن ،
تەمامى خانۇمانىم بولدى چۇن بەرباد دەستىڭدىن ،
قەفەسدىن بولمادىمكى قۇمرىدەك ئازاد دەستىڭدىن ،
ھەمە ئاباد بولدى ، بولمادىم ئاباد دەستىڭدىن ،
كى مەن ھەر يەرگە بارسام ، داد ئېتەرمەن ،داد ، دەستىڭدىن .

دىلىمنىڭ قۇۋۋەتى ، رۇھى رەۋانىمدىن ئايىردىڭسەن ،
كۆزۈمنىڭ ئاقى يەڭلىغ مىھرىبانىمدىن ئايىردىڭسەن ،
ئەزىزىم ، ھەمدەمىم ، ئارامى جانىمدىن ئايىردىڭسەن ،
جەھان گۇلزارىدا ئول گۇلستانىمدىن ئايىردىڭسەن ،
ھەمە ئاباد بولدى ، بولمادىم ئاباد دەستىڭدىن ،
كى مەن ھەر يەرگە بارسام ، داد ئېتەرمەن ، داد ، دەستىڭدىن .

چەمەندە بۇلبۇلى شورىدەدۇرمەن ، ئاشيانىم يوق ،
مىسالى چۇغزدەك ۋەيرانەلەردە ھەم مەكانىم يوق ،
ۋەفالىق يار دەپ چىقتى ، جەسەدتە بەلكى جانىم يوق ،
ئەزىزىمدىن جۇدا بولدۇم ، باشىمدا سايەبانىم يوق ،
ھەمە ئاباد بولدى ، بولمادىم ئاباد دەستىڭدىن ،
كى مەن ھەر يەرگە بارسام ، داد ئېتەرمەن ، داد ، دەستىڭدىن .

مېنىڭدەك غەمدە قالغان ، دىلپەرىشان بولماسۇن ھېچكىم ،
كۆزى چۇن تەلمۈرۈپ يوللاردا ھەيران بولماسۇن ھېچكىم ،
بەھارى گۇلشەنى ئۇمرى زىمىستان بولماسۇن ھېچكىم ،
بۇ دۇنيا دىيدەسىگە تارىكىستان بولماسۇن ھېچكىم ،
ھەمە ئاباد بولدى ، بولمادىم ئاباد دەستىڭدىن ،

كى مەن ھەر يەرگە بارسام ، داد ئېتەرمەن ، داد ، دەستىڭدىن .

ئۈمىدىم بار ، يەتكۈرگەيمۇسەن خۇرشىدى مەتلەبنى ،
سائادەت بۇرجىدىن ئول شەمئى ئىقبالىمغە كەۋكەبنى ،
كۈتەرگەيسەن باشىمدىن ئىككى ئالەمدە قارا شەبنى ،
ئىلاھا ، سەن يەتۈر ھىممەت يولىغە خەستە مەشرەبنى ،
ھەمە ئاباد بولدى ، بولمادىم ئاباد دەستىڭدىن ،
كى مەن ھەر يەرگە بارسام ، داد ئېتەرمەن ، داد دەستىڭدىن .

※ ※

ئەي پەرى ، يۈز كۆرسەتىپ يۈز ناز بىلەن باققانمۇ سەن
خىرمەنى ئۆمرۈمگە ئىشقىڭ ئوتىنى ياققانمۇ سەن
مىھرىدەك ھۆسنۈڭگە زۇلفۇڭ ئەبرىنى ياپقانمۇ سەن
ئۆزگە يۈزگە باقما دەپ ، كۆزۈمگە مىخ قاققانمۇ سەن ؟
قەتل ئېتەرگە قەست ئېتىپ ، باغرىمغە تىغ چاپقانمۇ سەن ؟
ئايلانىپ ھەر يانغا غەمزەڭ ئوقىنى ئاتقانمۇ سەن

سۇنبۇلى رەيھان چاچار ھەردەم پەرىشان كاكۇلۇڭ ،
بارچەنى بۇلبۇل قىلۇر ئول تازە ئاچىلغان گۇلۇڭ ،
مەست ئېتەر ئەغيارنى لەبجامىدىن گۇلگۇن مۇلۇڭ ،
لەئلى مەرجانلار تۆكەر كۆز مەخزەنىدىن بۇلبۇلۇڭ ،
ئىلتىفاتىڭ مەخزەنىدىن تاپمادى مەھزۇن قولۇڭ ،
تالىئىمغە لۇتفۇ ئىھسان ئىشىكىن ياپقانمۇسەن ؟

شادلىق ماڭا يىراقدۇر ، مەسكەنىڭ مەيخانەدۇر ،
تۈنۈكۈن ئىشرەت مەيىدىن كۆزلەرىڭ مەستانەدۇر ،
لەئلگۇن مەي تابىدىن يۈزۈڭدە مىڭ دۇردانەدۇر ،
جان ئۈمىد ئەيلەپ ئوشۇل دەردلەر ئۈچۈن پەرۋانەدۇر ،
دەردۇ مىھنەت تاشىدىن كۆڭلۈم مېنىڭ ۋەيرانەدۇر ،



نانەۋان كۆڭلۈمگە ھەردەم داغلار باسقانمۇ سەن ؟

قولدا شەكلى تىرناغىڭ ئىيدى ھىلالىمدۇر مېنىڭ ،
كىم ئاڭا ھەيرانلىغىم دەفئى مەلالىمدۇر مېنىڭ ،
كۆزنى گىريان ھۆسنۈڭگە قىلغان خەيالىمدۇر مېنىڭ ،
ئىنلارىڭ سەفىدە ئۆلمەكلىك كەمالىمدۇر مېنىڭ ،
تەندە ھەريان ئوقلارىڭكىم نەۋنىھالىمدۇر مېنىڭ ،
كۆڭلۈم ئالىپ ئۆرتەمەككە جانغە ئوت ياققانمۇ سەن

مەندىن ئولدۇڭ نې ئۈچۈن ، ئەي دىلرەبا ، ئاشۇفتە ھال ،
بارچە ئەل كۆڭۈل قوشۇن تۈتماق ئۈچۈن ئەيلەر خەيال ،
لالە يەڭلىغ يۈزلەرىڭدۇر ، قاشلارىڭ ئايدەك ھىلال ،
دەم بەدەم سۇ ئورنىغە لەبىڭ تۆكەدۇر جامى بال ،
سەرۋ شاخىن ھەر تەرەفكە مايىل ئەتكەندەك شامال ،
جىلۋە ئەيلەپ قايرىلارسەن خەمچەئى لەرزانمۇ سەن ؟

خۇب ياراشىپتۇ ، نىگارىم ، باشىڭ ئۈزرە قەرقەرەڭ ،
ئۇشبۇ زىننەتلەر بىلەن بۇ ناتەۋانغە بىر قاراڭ ،
تەركى زۇلم ئەت ، لەھزەئى رەھم ئەيلە ، ئەي شاھى فەرەڭ ،
قاراسى خۇبدۇر قاشىڭغە ئوسمە بىرلە سۇرمە رەڭ ،
تۇرفە نازۇك گۇل يۈزۈڭدۇر ، كىرپىكىڭ سانچىپ خەدەڭ ،
بارچە مەھۋەش ئىشق ئارا قۇل ، ھۆسن ئارا سۇلتانمۇ سەن ؟

بادە ئىچسەڭ گۇل ئاچىلغاندەك قىلۇرسەن خەندەلەر ،
جان تاپار قەھقەھ ئۈنۈڭدىن قايىدىن جان كەندەلەر ،
تىيرى غەمزەڭدىن يولۇڭدا ھەر تەرەف ئەفكەندەلەر ،
بارچە زىبالار سېنى كۆرسە بولۇر شەرمەندەلەر ،
لەيلىيۇ شىرىن كەبى كويىڭدا يۈزمىڭ بەندەلەر ،
بارچە يۈزنى ناپەدىد ئەتكەن مەھى تابانمۇ سەن ؟

قەتل ئۈچۈن كىيگەن تونۇڭنى گۈل بىلەن تىككەنمىدۇر ؟
ئۇلتۇرۇپ باق ھەر تەرەپ ئاندىن ساچىلغان قانمىدۇر ؟
ھەربىرى گۈلدەك يۈز ئاچىپ سەن كەبى جانانمىدۇر ؟
تىغ ئۇرساڭ قاچماغايلار ئول قولۇڭ نادانمىدۇر ؟
نازۇ غەمزەڭ تىغى بىرلە ئۆلمەگەن ھەم سانمىدۇر ؟
ئوتمۇسەن ، يا گۈلمۇسەن ، يا لەئلسەن ، مەرجانمۇسەن ؟

ئاتەشىن لەئلىڭ مەيىدىن جۇرئەيى قىلدىم تەلەب ،
ۋەئدە قىلدىڭ لۇتفۇ ئىھساندىن بىرەي دەپ لەب بەلەب ،
باقمادىڭ ، بىلمەم گۇناھىم ، كۆز ئۇچى بىرلە قاراپ ،
بۇل ئەجەب مەھرۇملىقلار بىزگە بولدى روزۇ شەب ،
نې سەبەبتىن قوغلادىڭ مەن خەستە قولنى تەشنە لەب ،
ئايتقىل تەگرى ئۈچۈن ، چىنمۇ سۆزۈڭ ، يالغانمۇسەن ؟

جاننى يۈزمىڭ پارە قىلدى دىلرەبا نازىڭ سىنىڭ ،
ئەلنى قۇربان ئەيلەمەكتۇر كۈندە ئەندازىڭ سىنىڭ ،
ئۆلتۈرۈرگە ، تىرگۈزۈرگە يوقتۇر ئەنبازىڭ سىنىڭ
ئەل سۆزۈڭدىن جان تاپار ، جاندۇركى ئەلفازىڭ سىنىڭ ،
شەرھ قىل ، جانان نەدۇر ھۇسنۇڭگە پەرۋازىڭ سىنىڭ ،
ئۆرگىلەي ، ئەي دىلرەبا ، يا جانمۇسەن ، جانانمۇسەن ؟

قەتل ئېتەر ھەر كۈندە مىڭ بىچارەنى كافىر كۆزۈڭ ،
كېچە ئىشرەت بىرلە ، قان تۆكمەكتە ئۆتكەي كۈندۈزۈڭ ،
قايسى شاھنىڭ ھەددى مەنئ ئەتمەككە ، ھاكىمسەن ئۆزۈڭ ،
لەھزەدە يۈزمىڭ كىشىگە جان ئەتا ئەيلەر سۆزۈڭ ،
غۇنچەدەك ئاغزىڭ ئاچىپ ، مەشرەب قولۇڭنى تىرگۈزۈڭ ،
ئۆلتۈرۈرسەن ، تىرگۈزۈرسەن ، ئىيسائى دەۋرانمۇسەن ؟



# قىسقىچە لۇغەت

( شېئىرلار تەرتىپى بويىچە تىزىلدى )

**ئەندەلىب** ــ بۇلبۇل .
**ئەفغان** ــ نالە قىلىش ، پەرياد چېكىش .
**مەنسۇرى ھەللاج** ــ تارىخى شەخس . « ئەنەل ـ ھەق ( مەن ھەقمەن » دېگىنى ئۈچۈن رۇھانىلارنىڭ پەتىۋاسى بويىچە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن .
**ئەننەھۇر** ــ پاك ، تازا ، ساپ .
**نۇش** ــ ئىچىش ، سۈمۈرۈش .
**بادە** ــ مەي ، ئىچىملىك .
**زاھىد** ــ ئىبادەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزگۈچى شەيخ ، تەقۋادار بەندە .
**خۇبان** ــ ياخشىلار ، ياخشى كىشىلەر .
**دام** ــ تۇزاق ، قاپقان .
**سەيد** ــ ئوۋ ، ئوۋلاش .
**ئالۇدە** ــ بويىلىش ، مىلىنىش ، بۇلغىنىش .
**سەيد ـ ياد** ــ ئوۋچى .
**گىريان** ــ يىغلىغۇچى ، كۆز ياش تۆككۈچى .
**ئەشك** ــ كۆز ياش .
**ھەجر** ــ ئايرىلىش ، جۇدالىق .
**مۇھتەسىب** ــ ئىجتىمائى تەرتىپنى نازارەت قىلغۇچى .
**بىستەر** ــ ياستۇق ، تەكيە .
**تەر** ــ ھۆل ، يېڭى ، پاكىز .
**لەنگەر** ــ كېمىلەرنىڭ لەڭگىرى ، دارۋاز قولىدىكى تەڭشەك .
**دىيدە** ــ كۆز .
**بىينا** ــ كۆرۈش ، كۆرمەك .
**ئىشۋە** ــ ناز ، جىلۋە .
**مەئانى** ــ مەنالار .
**بەرقانە** ــ نامايان بولۇش ،كۆرۈنىش ، پارلاش .
**ئەرجۇمەند** ــ ئەزىز ، قەدىرلىك ، ھۆرمەتلىك .
**تەۋازە** ــ ئەدەپلىك بولۇش ، كىچىك پېئىللىق .

**ماسۋا** — . . . دىن تاشقىرى ، . . . دىن باشقا .
**نىسار** — چېچىش ، چاچقۇ چېچىش .
**مۇت** — ھەقسىز ، بىكارغا .
**خابگاھ** — ئۇيقۇ ئۆيى ، ياتاق .
**رىيا** — ئىككى يۈزلىمچىلىك .
**ئەرزەن** — تېرىق .
**سەمەر** — مېۋە ، ھوسۇل ، نەتىجە .
**ۋاسىل** — يېتىشكەن ، ئېرىشكەن .
**تەرەننۇم** — كۈيلەش ، كۈي .
**تۇررە** — چاچ .
**كاكۇل** — كوكۇل ، چاچ ، زۇلپ .
**ئەفتادە** — زەئىپ ، تاشلاندۇق .
**ئەجىر** — مۇكاپات .
**مىجمەر** — خۇشبۇي نەرسىلەر ساقلىنىدىغان كوزا ، ئوتتا يانغان قەلب .
**ياسۇمەن** — خۇش پۇراق ، ئاق سېرىق گۈل .
**باد** — شامال .
**مىژگان** — كىرپىكلەر .
**مۇفلىس** — كەمبەغەل ، بىچارە .
**شەرارە** — ئۇچقۇن ، يالقۇن ، ئەلەڭگە.
**شەھباز** — لاچىن ، كۆڭۈلنى ئۇۋۇلىغۇچى سۆيگۈ .
**سەمەند** — يۈگرۈك ئات .
**مەردۇم** — ئادەملەر ، كىشىلەر ؛ كۆز قارچۇقى .
**خىرام** — چىرايلىق يۈرۈش ، تەمەننا بىلەن قەدەم بېسىش .
**ئەڭگۈشتنەما** — روشەن ، ئېنىق ، مەشھۇر ، تونۇلغان .
**بۇررا** — ئۆتكۈر ، كەسكۈچى .
**بەرجاي** — ئۆز ئورنىدا ، ئۆز جايىدا .
**سەزا** — جازا ، لايىق ، مۇناسىپ .
**ئەسرار** — سىر لار ، مەخپىيەتلىكلەر .



**جۇيان** — ئىزدىگۈچى ، ئاختۇرغۇچى .
**ئەددەم** — يوقلۇق .
**ھادىي** — يول كۆرسەتكۈچى ، يول باشلىغۇچى .
**سىپاھ** — ئەسكەر ، قوشۇن .
**دۇن** — ناكەس ، رەزىل .
**غەمزە** — ناز ، كەرەشمە .
**سۇختە** — كۆيگەن ، يانغان .
**پەيكان** — ئوق ئۇچى ، تىكەن ، كىرپىك .
**تىيرە** — قاراڭغۇ ، قارا ، غەم غۇسسە .
**ئىستىغنا** — ئېتىبارسىز قاراش ، ئىلتىپاتسىزلىق .
**دامەن** — ئېتەك ، ئۆڭكۈر .
**خۇ** — ئادەت ، خۇي ، قىلىق .
**بىكەس** — ھېچكىمى يوق ، كىمسەسىز .
**ئىفشا** — ئاشكارا ، پاش قىلىش ، ئېچىش .
**بەقا** — باقىلىق ، ئەبەدىيلىك .
**قىرمىز** — قىزىل ، قىزىل رەڭلىك .
**روز** — كۈن ، كۈندۈز .
**دىلاۋەر** — يۈرەكلىك ، جۈرئەتلىك ، باتۇر .
**زەبۇن** — ئاجىز ، بىچارە .
**راھ** — يول .
**كىميا** — مىس ۋە قەلەي قاتارلىقلارنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش چۈشەن-
چىسى .
گەنج — ئالتۇن ، كۈمۈشلەر تويى ، خەزىنە .
مار — ئىلان .
مەھۋەش — ئايدەك ، ئايدىنمۇ گۈزەل .
ئەغيار — ئۆزگە ، يات ، ناتونۇش .
ئارەز — يۈز ، چىھرە .
بۇرقەئ — پەردە ، چۈمبەل .

**ھەزىن** — مۇڭلۇق ، قايغۇلۇق .
**مەتائ** — ماتا ، خام .
**مەھزۇن** — غەملىك ، قايغۇلۇق ، خاپا .
**سەر** — باش ، كاللا .
**سەركەش** — ئىتائەتسىز ، جاھىل .
**بىريان** — قورۇما ، قورۇلغان ، كۆيگەن .
**ۋەھدەت** — تەنھالىق ، يەككە - يىگانىلىق .
**تەھ بەتەق** — قاتمۇقات .
**ئافىيەت** — ساقلىق ، تىچلىق ، ئەمىنلىك .
**پەرىۋەش** — پەرى سۈپەت ، نازىنىن .
**تىرە باران** — ئوق ياغدۇرۇش .
**ھەمۋار** — تۈپتۈز ، تەكشى .
**كەنئان** — لىۋاننىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى نامى .
**سۇراھ** — سۇ ۋە ماي قاچىلىنىدىغان ئىدىش ، كوزا .
**بونياد** — بەرپا بولماق ، يۈزەگە كەلمەك .
**شىكۋە** — شىكايەت قىلىش ، دەرد تۆكۈش .
**گۇزار** — يولدىن ئۆتۈش .
**پاداش** — مۇكاپات ، بەدەل ، يولداش .
**ئارىغ** — پاكىز ، ساپ ، تىنىق .
**فۇتۇر** — زەرەر ، زىيان ، شىكەست .
**مۇرغ** — قۇش .
**ئەخكەر** — چوغ ، ئوت .
**دەر** — ئىشىك .
**رەھنەما** — يول كۆرسەتكۈچى ، باشچىلىق قىلغۇچى .
**جەفاجۇ** — جاپا قىلغۇچى ، زالىم .
**نۇقرە** — كۈمۈش .
**بورغاق** — ئەمچەكنىڭ ئۇچى .
**ناياب** — تېپىلمايدىغان ، تېپىلماس .



**غەددار** — ئالدامچى ، شەپقەتسىز ، زالىم .
**دەستار** — سەللە .
**سىنە** — كۆكرەك ، يۈرەك .
**مەھشەر** — قىيامەتتە كىشىلەر توپلىنىدىغان مەيدان .
**مەۋزون** — خۇشپىچىم ، كېلىشكەن ، ئۆلچەملىك .
**ئەھزان** — خاپىلىق ، غەم .
**سىرىشك** — كۆز يېشى .
**رەخنە** — دەز ، يىرىق .
**مۇدام** — دائىم ، ھەردائىم .
**شور** — غەۋغا ، توپىلاڭ ، تۇغيان .
**مەد** — سوزۇلۇش ، ئۇزۇراش .
**سەرا پا** — باشتىن ئاياغ ، باشتىن ئاياغقىچە .
**رىندە** — تىرىك ، ھايات .
**سەرگەشتە** — بېشى قايغان ، سەرگەردان .
**تېگرە** — دائىرە ، تەرەپ ، ئەتراپ .
**خۇنابە** — قان زەرداپ .
**شەب** — كېچە ، تۈن .
**جاۋىدان** — ئەبەدى ،مەڭگۈ .
**قۇمرى** — خۇش ناۋا قۇش .
**پايمال** — ئاياغ ئاستى بولغان، ئېزىلگەن .
**دادخاھ** — ئەرز قىلغۇچى ، دادلىغۇچى ، ئادالەت تەلەپ قىلغۇچى .
**سەقەر** — دوزاق ، جەھەننەم .
**سەرشار** — ئېقىپ تۇرغان بۇلاق .
**مەھۋ** — يوقىلىش ، پۈتۈش ، ھالىدىن كېتىش .
**لاغەر** — ئورۇق .
**تەۋق** — بويۇنتۇرۇق ، كىشەن .
**ئاشۇفتە** — پەرىشان ، تارقاق ، مەپتۇن بولغان .
**تەبل** — چوڭ ناغرا .

**سەمەك** ـــ بىلىق .
**قافىلە** ـــ كارۋان ، سەپەرچىلەر توپى .
**مۇھەييا** ـــ تەييارلانغان ، ھازىرلانغان .
**پەرتەۋ** ـــ يورۇقلۇق ، نۇر ، شولا .
**بىسيار** ـــ كۆپ .
**دەھر** ـــ دۇنيا ، ئالەم ، زامان .
**ئەبر** ـــ بۇلۇت .
**ئەشك** ـــ كۆز يېشى .
**نەيسان** ـــ ئاپرىل ئېيى ، باھار .
**دەفئ** ـــ قايتۇرۇش .
**ھەمراز** ـــ دوست ، سىرداش ، ئۈلپەت .
**ئۇريان** ـــ كىيىمسىز ، يالىڭاچ .
**يەغما** ـــ ۋەيران قىلغۇچى ، تالان ـ تاراج .
**كوتەھ** ـــ قىسقا ، كالتا .
**نۇكتە** ـــ نازۇك ۋە مەنىلىك سۆز ، ئىشارە .
**كوھكەن** ـــ تاغ قازغۇچى .
**دەھان** ـــ ئېغىز .
**پىرەھەن** ـــ كۆينەك .
**ئەفتاد** ـــ يىقىلغان ، قىشايغان .
**مۇنىس** ـــ ئۈلپەت ، ھەمدەم .
**قابەقەۋسەين** ـــ ئايەتتىن پارچە .
**مۇجاۋىر** ـــ دائىم ئۆز جايىدا تۇرغۇچى .
**مۇقتەدا** ـــ ئىقتىدا قىلىنىدىغان كىشى .
**پەيكەر** ـــ گەۋدە ، ھەيكەل .
**نىش** ـــ ئۆتكۈر نەرسىنىڭ ئۇچى ، نەيزە .
**پۇر** ـــ كۆپ ، تولا .
**سوزان** ـــ كۆيگەن ، ئەلەملىك .
**رىندان** ـــ ئەركىن پىكىر قىلغۇچى ، زېرەك ، ھوشيار.



**ھىن** ـــ پەيت ، زامان ، ۋاقىت .
**خەدەڭ** ـــ ئوق ، كامان ئوقى .
**سىۋا** ـــ باشقا ، ئۆزگە .
**مەقدەم** ـــ قەدەم ، ئاياغ باسقان يەر .
**جۇستۇجۇ** ـــ ئىزدەش ، ئاختۇرۇش .
**فەلاخۇن** ـــ تاش ئاتىدىغان قورال .
**سەبزە** ـــ مايسا ، كوكات ، يېشىللىق .
**كوھسار** ـــ تاغلىق جايلار .
**مۇرشىد** ـــ يول كۆرسەتكۈچى ، توغرا يولغا سالغۇچى .
**گۇفتار** ـــ گەپ ، سۆز .
**پۇرشور** ـــ شاۋقۇن ، سۈرەنلىك ھالەت .
**خاك** ـــ تۇپراق ، توپا.
**گۇشە** ـــ بۇرجەك ، خىلۋەت جاي .
**فارىغ** ـــ قۇتۇلۇش ، خالى بولۇش .
**شەتتە** ـــ تېپىك ، مۇش ، زەربە .
**مۇغ** ـــ مەجۇسى ، ئاتەشپەرەس .
**غول** ـــ زەنجىر ، ھالقا .
**ئەييام** ـــ كۈن ، كۈنلەر .
**سەراسەر** ـــ باشتىن ئاياغ ، پۈتۈنلەي .
**سەڭ سار** ـــ تاش بوران .
**خونبار** ـــ قانغا تولغان ، قان ئېقىپ تۇرغان .
**شاداب** ـــ تەشنالىقنى قاندۇرماق .
**مۇساھىب** ـــ ھەمسۆھبەت ، دوست ، ئۈلپەت .
**گام** ـــ قەدەم بېسىش .
**گۇم** ـــ يوق بولۇش .
**رەخشان** ـــ يالتىراق ، پارلاق .
**ئەنەلھەق** ـــ مەن ھەقمەن .
**مۇتتەزىر** ـــ زارىقىپ كۈتۈش ، ئىنتىزار بولۇش .

**گۈنبەد** — گۈمبەز ، مەقبەرە .

**دەۋۋار** — چۆرگىلەيدىغان ، ئايلىنىدىغان .

**رىبا** — سوتخورلۇق ، ئۆسۈمگە پۇل بېرىش .

**رىشۋە** — ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان پارە .

**شاھباز** — لاچىن .

**پەرىلىقا** — پەرى يۈزلۈك ، گۈزەل .

**ئەرغەۋان** — ئويمىكەشلىككە ئىشلىتىلىدىغان چىداملىق دەرەخ .

**فەرەھ** — شادلىق ، خۇرسەندچىلىك .

**دالباي** — ئوۋ قۇشىغا كۆرسىتىلىدىغان ، بېرىلىدىغان گۆش .

**نار** — ئانار ، ئوت ، يالقۇن .

**سان ـ سان** — پارچە ـ پارچە .

**ھەزار** — مىڭ .

**كىشت** — دۇنيا ،ئالەم .

**ئارىپ** — بىلىمدان ، دانا .

**ئەبتەر** — بۇزۇلغان ، بەختسىز ، خار .

**خاب** — ئۇيقۇ .

**پايەنە** — پوت ، تۇتقۇچ ، دەستە .

**خۇشاك** — قۇرۇق ، قاقشال ، ھوسۇلسىز .

**جەيھۇن** — ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى .

**مەلەك** — پەرىشتە .

**سىپقار** — بىر كۆتۈرۈپ ئېچىۋېتىش ، پاكىزە سۈمۈرۈش .

**ئەھرەمەن** — ياۋۇز دېۋىنىڭ نامى .

**تەر** — ھۆل ، ھۆل مېۋە .

**غەددار** — خائىن ، ساتقۇن ، زالىم .

**فۇزۇن** — ئارتۇق ، زىيادە ، كۆپ .

**كوھ** — تاغ .

**چۇغز** — بايقۇش ، چۇغۇندەك .

**نىگىن** — ئۈزۈك ، ھالقا .



**كىبرىيا** — ئۇلۇغلۇق ، بۈيۈكلۈك .

**نىھان** — يوشۇرۇن ، پىنھان .

**ۋاۋەيلا** — ئاھ ـ ۋاھ ، ھەسرەتلىك كەيپىيات .

**لايەزال** — ئەبەدى ، ئاخىرى يوق .

**رازدان** — سىرداش ، دەرتداش .

**مالىكى دەۋزەخ** — دوزاخنىڭ باشقۇرغۇچىسى .

**غۇلۇدار** — غەلۋە ، جاڭجال ،غولغۇلىچى .

**خىز ـ خىز** — خىرىلداش .

**پەيام** — خەۋەر ، دېرەك .

**ئىتاب** — تەنە ، تەنبىھ .

**مانەند** — ئوخشاش ، ماس ، مۇۋاپىق .

**ئاسەف** — سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىرى .

**بەدھەد** — سېسىق پۇراق .

**ئەنۋارۇل ھۇدا** — توغرا يول نۇرلىرى .

**خەمچە** — تال چىۋىقى ، نوتا.

**مىژژە** — كىرپىك .

**ئەفغان** — نالە قىلىش ، پەرياد چېكىش .

**تۇئمە** — ئوزۇق ، تائام .

**ئەر ئەر** — سەرۋى ، ئارچا .

**پەرتەۋ** — پارلاقلىق ، نۇر ، شولا .

**مەرگ** — ئۆلۈش ، ۋاپات بولۇش .

**ئاشيان** — ئۇۋا ، ئۆي ، كۇلبە .

**تەلاتوم** — دولقۇن ، ئۇرۇلۇش ، زەربە .

**يەۋم** — بىر كۈن .

**ئەھمەر** — قىزىل ، قىپقىزىل .

**تۇرفە** — ئاجايىپ ، كەم ئۇچرايدىغان ، يېڭى .

**خەم** — ئېگىلگەن .

**غارەتى** — تالان ـ تاراج ، ۋەيرانىلىق .

**چاغر** — مەي ، شاراب ، ئىچىملىك .

**ئەللەمەل** — يىقىلىش ،غۇلاش .

**ھەۋز** — سۇ كۆلچىكى .

**مۇسەللا** — جايناماز ، نامازگاھ .

**دۇشۋار** — قىيىن ، ئېغىر ، مۇشكۇل .

**مىئراج** — ئاسمانغا ، ئەرشى ئەلاغا ، خۇدانىڭ ئالدىغا چىقىش .

**ئىستىغنا** — ئىلتىپاتسىزلىق ، ئېتىبار بەرمەسلىك .

**مىيان** — ئوتتۇرا ، ئوتتۇرىسى .

**پەدىد** — ئېنىق ، روشەن كۆرۈنىش .

**زەرد** — سېرىق ، سارغايغان .

**كەس** — ئادەم ، كىشى .

**باز** — يەنە .

**بىلقىس** — سۇلايمان دەۋرىدىكى مەشھۇر ئايال پادىشاھ .

**خەمر** — مەي ، ئىچىملىك .

**خەدەنگى** — ئوق ، يا ئوقى .

**تابان** — يورۇق ، يارقىن ، گۈزەل .

**تەقۋا** — دىندارلىق .

**زۇھد** — زاھىدلىق ، تەقۋادارلىق .

**نىشات** — سۆيۈنۈش ، خۇرسەندچىلىك .

**ماھلىقا** — ئاي يۈزلۈك ، گۈزەل .

**دەلۋە** — 11 ـ ئاينىڭ ئەرەبچە نامى .

**ئىرادەت** — نىيەت ،خاھىش ، قول بېرىش .

**شايەد** — ئېھتىمال ، بەلكى .

**رەسەن** — ئارقان ، باغلاش .

**ۋائىز** — ۋەز ئېيتقۇچى ، پەند ـ نەسىھەت قىلغۇچى .

**دام** — توزاق ، قاپقان .

**بەيەكبار** — بىرلا ، بىر قېتىمدىلا .

**تەۋسەن** — شوخ ، چاپقۇر ئات .



**شەدداد** — شەپقەتسىز ، زالىم .

**مۇدەۋۋەر** — سورۇن ، دائىرە .

**مۇشتەر** — سېتىپ ئالغۇچى ، خېرىدار .

**ھەۋادىس**— ھادىسە ، ۋاقىئە .

**مۇنەققەش** — نەقىشلەنگەن ، نەقىشلىك .

**خودنەما** — شۆھرەتپەرەس ، ماختانچاق .

**سىيرەت** — خۇلق ـ مىجەز ، خىسلەت ، ئادەت .

**نىك** — ياخشىلىق .

**روسىيا** — قارا يۈز .

**مۇجتەھىد** — دىنى تەتقىقاتچى ، دىنى ئىجتىھات قىلغۇچى .

**شور** — توپىلاڭ ، غەۋغا .

**مۇستەھەق** — مۇناسىپ ، لايىق ، ھەقلىق .

**رەموز** — ئىما ، ئىشارەت ، يوشۇرۇن .

**گۇزەر** — مېڭىش ، يۈرۈش ، ئۆتۈش ، ئۆتىدىغان جاي .

**مۇستەغرەق** — غەرىق بولغان ، چۆككەن .

**مۇتتەكا** — تايانچ ، مەدەتكار .

**دەلق** — دەرۋىشلەر كىيىمى .

**ناقىس** — كەمچىلىك ۋە نوقسانى بار كىشى .

**ساغەر** — قەدەھ ، مەي پىيالىسى .

**ماۋۇمەن** — مەنمەنلىك .

**تەلخە** — كەكرى ، بويا.

**بىزائەت** — مال ـ مۈلۈك ، بىسات .

تەلخ — قىرتاق ، ئاچچىق .

مەھال — مۇمكىن بولماسلىق ، گومانلىق .

جا — جايلىشىش ، ئورنىشىش .

سىياھ — قارا .

نەۋئ — نۇر ، خىل .

دەۋۋۇم — ئىككىنچى ، ئارقىدىنلا ، تېز ، بىردىن ، تەگلا .

**ئەبەس** — بىھۇدە ، پايدىسىز ، ئېچىنىشلىق .
**جا بەجا** — ئورنى ئورنىغا.
**بەكتەر** — مىتال تۇك ، باك .
**پۇچ** — ئىچى بوش ، مېغىزسىز .
**گۇش** — قۇلاق .
**پا** — ئاياغ ، پۇت .
**سوغۇن** — پىياز .
**تەلەۋۋۇن** — سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە جۇرئەتسىزلىك .
**گەردۇن** — پەلەك ، ئاسمان .
**بىھتەر** — ياخشىراق .
**رىندە** — بىپەرۋالىق ، مەردانىلىق .
**مۇشتىپەر** — قولىدىن كەلمەيدىغان ، ئاجىز ، بىچارە .
**ۋالىدە** — ئانا .
**ئەۋسافى** — تەرىپلىرى ، سۇپەتلىرى .
**ئەكسەر** — كۆپ ، كۆپ قىسىم .
**ھامۇن** — سەھرا ، دەشت .
**ئۇقبا** — باقىلىق ، ئەبەدىيلىك .
**زىندە** — تىرىك ، ھايات .
**سىھەت** — ساقلىق ، ساغلاملىق .
**لەھەب** — مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى ، ئىسلام دىنىغا قارشى چىق-
قان كىشى .
**شەقاۋەت** — شەقىلىق ، ئەسكىلىك .
**بىبەقا** — ئۆتكۈنچى ، بىردەملىك .
**گۇداز** — ئېرىگۈچى ، قۇيۇلغۇچى .
**خۇشكو** — مۇنچا لۆڭگىسى .
**ئەفسۇردە** — توڭلىغان ، مۇزلىغان ، سولغان .
**فىگار** — جاراھەتلىك ، يارىلىق .
**تۇغيان** — تاشقىن ، قاينام .



**تەكەللۇم** — سۆزلەش ، گەپ قىلىش .
**خۇم** — ساپال ئىدىش ، كوزا .
**بۇخار** — ھور ، پار.
**لائۇبا** — بىپەرۋالىق ، بىغەملىك .
**ئەكنۇن** — ئەمدى ، ھازىر .
**مۇردار** — ھارام ئۆلگەن مال ، ئۆلۈمتۈك .
**ئاغۇش** — قۇچاق ، غۇلاچ .
**ئىنتىھا** — ئاخىر ، چەك .
**مۇزتەر** — ئىزتىراپقا چۈشۈش ، تەقەززا بولۇش .
**تارىكىستان** — زۇلمەت ، قاراڭغۇ ماكان .
**گۇشە** — بىر چەت ، بىر بۆلۈك .
**بەدخۇ** — تەمسىز .
**بەدگۇ** — يامان سۆز .
**ياغدۇ** — يورۇقلۇق ، نۇر .
**تەباھ** — خاراب بولۇش ، بۇزۇلۇش ، ۋەيران بولۇش .
**كەۋكەب** — يۇلتۇز .
**بۇراق** — قاناتلىق ئات ، دۇلدۇل .
**سەفھە** — ۋاراق ، بەت .
**بەرق** — چاقماق .
**مۇزتەرىب** — ئىزتىراپقا چۈشكەن ، تىت ـ تىت بولغان .
**تەشت** — جام ، ئاياغ ، قەدەھ .
**ھەنگامە** — سۆز ، سۆھبەت ، گەپ .
**پىرەھەن** — كۆينەك .
**زەنەخدان** — زىناق .
**رۇتەب** — يېڭى پىشقان مېۋە .
**سەبۇھى** — ئەتىگەن ئىچىلىدىغان شاراب ، مەي .
**غەبغەب** — ئىڭەك .
**قەرقەرە** — قىز ، چوكانلارنىڭ دوپپىسىغا قادىلىدىغان پەر .

**بۇررا** ــ ئۆتكۈر ، كەسكۈر .
**شايستە** ــ مۇناسىپ ، لايىق ، مۇۋاپىق .
**مەنزۇر** ــ كىشىلەرگە ياقىدىغان ، ئۇلارنى رازى قىلىدىغان .
**تەبار** ــ لولىلار توپى ، ئۇلارنىڭ يىغىلغان جايى .
**نەۋھەگەر** ــ يىغا ـ زارە قىلغۇچى ، ھازا ئاچقۇچى .
**دۇ بارە** ــ ئىككى قېتىم ، قايتا ـ قايتا .
**نەبىز** ــ خورما ياكى ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن مەي .
**رەمەق** ــ سەكراتتىكى نەپەس .
**ناكام** ــ كۆتكىنىگە ئېرىشەلمىگەن ، چارىسىز ، نائىلاج .
**تۇلۇئى** ــ ئاي ياكى كۈننىڭ چىقىشى ، كۆتۈرۈلۈشى .
**سىرشت** ــ قىياپەت ، كۆرىنىش .
**ئەفئال** ــ ھەرىكەت ، قىلىق .
**زىشت** ــ خۇنۇك ، يامان .
**دامە** ــ داۋاملىق ، باقىلىق .
**شەب** ــ كېچە ، تۈن .
**مۇنىس** ــ سۆھبەتداش ، ھەمراھ ، دوست .
**شەفىئ** ــ شاپائەتچى ، شەپقەتچى .
**جامەندە** ــ كىيىم قويۇش ئورنى ؛ بىچارە ، ئاجىز .
**مەخلەس** ــ خالاس بولىدىغان ئورۇن ، ئاخىرقى جاي .
**مەئسىيەت** ــ گۇنا ، يامان ئىش .
**پىرى مۇغان** ــ مەيخانە ئىگىسى .
**مەتلەب** ــ تەلەپكە ماس ، كۆڭۈلدىكى ، ئارزۇ قىلغان نەرسە .
**مەلەك** ــ پەرىشتە . ــ



مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۇل تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

**مەسرەب شېئىرلىرىدىن تاللانما**
ئاپتورى: بابا رەھىم مەشرەپ
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت پولات
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 6.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
ISBN7—228—06775—4/I. 2478
باھاسى: 12.00 يۈەن

封面设计：艾克拜尔·沙力



ISBN 7-228-06775-4
I·2478(民文) 定价：12.00元

ISBN 7-228-06775-4
9 787228 067756 >